ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى 3



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قەدىرلىكىم

ماكسۇر، ھەدىيە،

ئەسلىخان، ئائىلەم

قەدىرلىكىم

ئېلىزىيا، ئېلىيۇ ھاردىن

ھەدىيە:

Love your

2016.5.25



شائىر، يازغۇچى ئەخمەتجان
قۇربان سابىرى 1960 - يىلى قور-
غاس ناھىيىسىنىڭ كۆكدالا دېھ-
قانچىلىق مەيدانىدا ھەربىي ئائىلە-
سىدە دۇنياغا كەلگەن. 1983 - يىلى
شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەب-
يات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، شىنجاڭ
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا تەقسىم قى-
لىنغاندىن بۇيان مۇخبىر، مۇھەررىر
بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ ئەدە-
بىياتنىڭ ھەممىلا ژانىرىدا ئەسەر
يازغان بولۇپ، كۆپلىگەن شېئىر،
ناخشا تېكستى، ھېكايە، پوۋېست،
مەسەل، چۆچەكلەرنى ئېلان قىل-
غان. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90 -
يىللىرىدىن باشلاپ ئۇ زېھنىي قۇۋ-
ۋىتىنى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيى-
تىگە بېغىشلاپ، بالىلار ئۈچۈن كۆپ-
لىگەن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى.
بولۇپمۇ ئۇنىڭ بالىلار چۆچەكلىرى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن
ئوقۇرمەنلەرنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا
مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ھازىرمۇ با-
لىلار ئۈچۈن كۆپلەپ ئەسەر ئىجاد
قىلماقتا.

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# 3 ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔族童话/艾合买提江·库尔班编. —乌鲁木齐:
新疆大学出版社, 2005. 4

ISBN 7 - 5631 - 1969 - 8

I. 维… II. 艾… III. 维吾尔族 - 童话 - 作品集 - 中国
IV. 287. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 037707 号

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى ( 3 )

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

* * *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى

شىنجاڭ جياڭجياڭتۇڭ سوداچەكلىك شىركىتى

فورماتى: 850 × 1168 mm ، 1/ 32 ، باسما تاۋىقى: 18. 75

2005 - يىل 7 - ئاي 1 - نەشرى

2013 - يىل - ئاي 2 - بېسىلىشى

* *

ISBN 7 — 5631 — 1969 — 8

ئومۇمىي باھاسى (1 — 5): 55.00 يۈەن

ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى

3



شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔族童话/艾合买提江·库尔班编. —乌鲁木齐:
新疆大学出版社, 2005. 4
ISBN 7 - 5631 - 1969 - 8

I. 维… II. 艾… III. 维吾尔族 - 童话 - 作品集 - 中国
IV. 287. 7

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 037707 号

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى ( 3 )

ئاپتورى: ئەخمەتجان قۇربان سابىرى

* * *

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14 ، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ جياڭجياڭتۇڭ سوداچەكلىك شىركىتى

فورماتى: 1168 mm × 850، 32 /1 ، باسما تاۋىقى: 18.75
2005 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىل ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى

* *

ISBN 7 — 5631 — 1969 — 8
ئومۇمىي باھاسى (1 — 5):55.00 يۈەن

# كىرىش سۆز

قەدىرلىك ئاتا ـ ئانىلار، سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ پسىخىكىسىغا ماس كېلىدىغان ئىجادىي بالىلار چۆچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان.

بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەرنىڭ ھازىرقى زامان پۇرىقى كۈچلۈك، بەزى چۆچەكلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، كۆپلىگەن چۆچەكلەردە ھازىرقى زامان بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ماھىرلىق بىلەن بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابتىكى ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەر يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق. شېئىرىي چۆچەكلەرنىڭ تىلى چۇچۇك، رىتىمدارلىقى كۈچلۈك.



بالىلار چۆچەكلىرى بالىلار ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئۇزۇن ژانىرلارنىڭ بىرى. بالىلار ئەزەلدىن چۆچەك ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى چۆچەكلەردىكى ھەر خىل مەزمۇنلار بالىلارنىڭ بىلىم دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، زېھنىنى ئاچىدۇ. بالىلار ئۆزلىرىگە تەسىر قىلغان چۆچەكلەردىكى ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزلىرىگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زامان تەرەققىي قىلماقتا، باللارنى قىزىقتۇرىدىغان تۈرلۈك زامانىۋى ۋاستىلەر كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، باللار چۆچەكلىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىغان يەنە بىر مەنىۋى كۈچ تېخى بارلىققا كەلگىنى يوق. تەرەققىي قىلغان ئەللەردىكى باللار تەربىيىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەر باللار چۆچەكلىرىنىڭ باللارنى تەربىيىلەشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق تەكىتلىمەكتە.

باللار چۆچەكلىرى ئالدى بىلەن باللارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ. ئادەتتە ئۈچ ياشتىن ئالتە ياشقىچە بولغان باللار ئۆزلىرى كىتاب ئوقۇيالمىغاچقا، ئاتا - ئانىلىرى ۋە تەربىيىچىلىرىدىن چۆچەك ئاڭلايدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار چۆچەكتىكى ھەر خىل ۋەقەلەرگە قىزىقىپ، يېڭى شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇش بىلەن بىللە، تەبىئىي ھالدا سۆزلەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ بارىدۇ. باللار چۆچەكلىرى باللارنىڭ تەپەككۇرى ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىمۇ ئۆستۈرىدۇ، شۇڭا باللارنى تەربىيىلەشتە باللار چۆچەكلىرىنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر باللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چۆچەكلىرىگە موھتاج ئىدى. بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر باللىرىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى تەلەپىنى ئاز - تولا بولسىمۇ قاندۇرالايدۇ، دەپ قارايمىز.

ئىشىنىمىزكى، بۇ كىتابتىكى چۆچەكلەر ئۇيغۇر باللىرىنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.



# مۇندەرىجە


يېرىل تېشىم ........................ 1

ئاتا سۆزى ........................ 11

تاغىل مۈشۈك ........................ 18

ئاداشقان سەركە ........................ 23

كىتابنىڭ خاسىيىتى ........................ 28

مۆكىمۆكىلەڭ ........................ 38

قارلىق ........................ 43

ئاكا ـ ئۇكا مايمۇنلار ........................ 48

بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ دوستلۇقى ........................ 54

قارلىغاچ بىلەن گۈلزىبا ........................ 63

بۆجەن، چاشقان، چۈجە ........................ 73

تۈگىمىگەن چۆچەك ........................ 78

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەسلەنچۈكنىڭ پۇشايمىنى ........................................ 83
ھەييار بىلەن تەييار ........................................ 88
ئەقىللىق چۆجە ........................................ 93
چارپاقا ........................................ 97
گۈزەل توز ........................................ 102
قىش ناخشىسى ........................................ 107



# يېرىل تېشىم

يېرىل تېشىم



بۇرۇنمۇ ئەمەس، كېيىنمۇ ئەمەس، بىز ياشاۋاتقان مۇشۇ زاماندا غالىبجان ئىسىملىك بىر بالا بار ئىكەن. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولغاچقا، ئويۇن ئويناشقا پەقەت ۋاقىت چىقىرالمايدىكەن. ئوقۇتقۇچىلىرى بەرگەن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەپ بولالماي، باللار بىلەن «مۆكۈمۆكەلەك»، «قوغلاشماق» ئوينىيالمايدىكەن. ئۇ مەكتەپتىكى يەتتە، سەككىز سائەتلىك دەرسنى تۈگىتىپ ئۆيگە كېلىپ، ئانچە - مۇنچە بىر نەرسە يەپلا تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئولتۇرسىمۇ، يېرىم كېچىدە ئاران ئىشلەپ بولىدىكەن. تەتىل، بايرام ۋە باشقا دەم ئېلىش كۈنلىرىدە غالىبجانلارغا بېرىلىدىغان تاپشۇرۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تەتىلى تەتىل، دەم ئېلىشى دەم ئېلىش بولمايدىكەن. غالىبجان شۇنچە تىرىشىپ ئۆگەنسىمۇ بەزى دەرسلەردە نەتىجىسى تۆۋەن بولۇپ قېلىپ ئاتا - ئانىسىدىن تىل ئاڭلايدىكەن، ھەتتا تاياق يەيدىكەن.



غالىبجان تولىمۇ زېرەك. ئەقىللىق بولۇپ، قەغەز ۋە ياغاچتىن تۈرلۈك مودېللارنى ياسىيالايدىكەن. ئۇ كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك ھەرخىل نەرسىلەرنى كەشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلسىمۇ، مۇئەللىملىرى ئۇنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقلىرىنى نەزەرگە ئالماي «تاپشۇرۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟ دەرسنى ئۆگىنىپ بولدۇڭمۇ؟» دەپ سوراپلا يۈرۈيدىكەن. ئۇ دائىم ئىمتىھان يوق، تاپشۇرۇق يوق مەكتەپلەر بولسا، بىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە خالىغىنىمىزنى قىلىپ باقساق، ئۆزىمىزنىڭ قايسى جەھەتتە ئارتۇقچىلىقىمىز بولسا، شۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىمىزنى نامايان قىلساق نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە، دەپ ئويلايدىكەن.

غالىبجان ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن تەتىل ئاخىرى يېتىپ كەلدى. تەتىل تاپشۇرۇقلىرى غالىبجانغا ئويناش ۋە دەم ئېلىش ئۈچۈن ئانچە كۆپ ۋاقىت بەرمىسىمۇ، لېكىن مەكتەپتە ئوقۇغانغا قارىغاندا ياخشى بولغاچقا، غالىبجان ۋە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى. بولۇپمۇ مەكتەپنىڭ ئۇلارنى يازلىق لاگېرغا ئېلىپ چىقىدىغانلىقى ئۇلار ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ئىدى.

غالىبجانلار يازلىق لاگېر ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كەلگەن بۇ تاغنىڭ مەنزىرىسى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇلارنىڭ گۈزەل تاغ جىراسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ كۈن بولدى. بۇ ئۈچ كۈن غالىبجان ئۈچۈن ئۈچ سائەتچىلىكمۇ تۇيۇلمىدى. ئۇلار تۇرۇۋاتقان گۈزەل تاغ جىراسىدا رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ تۇراتتى. ئاشۇ گۈللەرنىڭ ئۈستىدە كېپىنەكلەر پىلدىلداپ، ھەسەل ھەرىلىرى غوڭۇلداپ يۈرەتتى. تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى قارىغايلار بىلەن كۈنگەي تەرىپىدىكى ياۋا مېۋە دەرەخلىرى بۇ يەرگە ئۆزگىچە ھۆسن قوشقانىدى. جىرانىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتۈۋاتقان ئېقىن سۈزۈك ئۈنچىلەرنى چاچرىتاتتى.



كۆك ئاسمان شىشىدەك سۈزۈك، ئۇ يەر، بۇ يەردە توپلىنىپ تۇرغان بۇلۇتلار پاختىدەك ئاپئاق ئىدى.

غالىبجانلارنى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ئەنۋەر مۇئەللىم بىلەن ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى ئارزۇگۇل مۇئەللىم ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار تاغ جىراسىغا تىكىلگەن ئىككى چېدىردا ياتاتتى. ئەنۋەر مۇئەللىم ئو-غۇللار بىلەن، ئارزۇگۇل مۇئەللىم قىزلار بىلەن بىللە ئىدى.

ئۈچ كۈندىن بېرى تاغ ئىچىدە تۈرلۈك قىزىقارلىق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئۇلار تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىرنىڭ ئالدىدىكى ۋاقىتلىق ئاشخانىدا چاي قاينىتىپ ئىچكەندىن كېيىن تاغقا يامىشاتتى. تاغدىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى تاماشا قىلاتتى، مەي بولۇپ پىشقان تاغ مېۋىلىرىنى يەيتتى. ئۆزلىرى بۆرۈن كۆرۈپ باقمىغان تۈرلۈك گۈل - گىياھلارنىڭ ئۆرنەكلىرىنى يىغاتتى.

مانا بۈگۈنمۇ ئۇلار تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ چاي قاينىتىپ ئىچكەندىن كېيىن، تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئەركىن پائالىيەت قىلىشقا باشلىدى. ئەنە بۇ چىمەنزاردا بالىلارنىڭ بەزىلىرى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، بەزىلىرى تاغقا چىقىشتا بەسلىشىۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى تۈرلۈك قۇش ۋە جانىۋارلارنىڭ ئاۋازىنى دوراپ ئۈنلەۋاتاتتى، يەنە بەزىلىرى رەسىم سىزىۋاتاتتى.

غالىبجاننىڭمۇ روھى ناھايىتى كۆتۈرەڭگۈ بولغاچقا، تۇرۇپ ناخشا ئېيتقۇسى كەلسە، تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىغۇسى، موللاق ئاتقۇسى، توختىماي يۈگۈرگۈسى، ھەتتا قانات چىقىرىپ ئۇچقۇسى كېلەتتى. شۇڭا ئۇ يانچۇقىدىن دەپتەر ۋە قەلەمنى ئېلىپ، بىر قىيا تاش ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ شېئىر يازدى:



مەكتەپ گۈزەل دەيمىز، مەكتەپتىن
گۈزەل ئىكەن بۇ سىرلىق تاغلار.
ھاۋاسى ساپ شۇنداق خۇشپۇراق،
بار بۇ يەردە تەبىئىي باغلار.
سەكرەپ تۇرۇپ ئېيتىدۇ ناخشا،
بۇ يەردىكى سۈپسۈزۈك سۇلار.
دوستكەن بۇندا بۆكەن، قىرغاۋۇل،
توشقان، تىيىن، ئۆردەك، ئاق قۇلار.
كېپىنەكلەر چىرايلىق قىزدەك،
پىچىرلايدۇ گۈللەرگە تىنماي.
بولسا دەيمەن بىزنىڭ مەكتەپمۇ
مۇشۇ تاغدەك ئازادە ھاي، ھاي.

غالىبجان لىرىك شېئىرلاردىن يەنە بىرمۇنچىنى يېزىپ، خېلىۋەت قىيا ئۈستىدە قانچىلىك ۋاقىت ئولتۇرغىنىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ قىيادىن چۈشكەندە ساۋاقداشلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئەتراپنى ھەرقانچە ئىزدەپمۇ ساۋاقداشلىرىنى تاپالمىدى. ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ باقتى، بىراق ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكس ساداسىدىن باشقا ھېچقانداق جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. ئۇ قوياشقا قاراپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ، چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

غالىبجان خېلى ئۇزۇن ماڭغان بولسىمۇ چېدىر بار يەرنى تاپالمىدى. ئۇ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تاغ ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى. چوققىلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان تاغ



قۇشلىرىنىڭ ناۋاسى ۋە ئالىلقاندىق سادالار غالىبجاننى ئازراق قورقۇتۇپمۇ قويدى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ توۋلاپ ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى. ئۇنىڭغا ئادەمگە، ئاتقا، تۆگىگە ئوخشايدىغان كۆك، ئاق، يېشىل، قىزىل رەڭدىكى تاشلار ئۇچرىدى. خۇددى تاش ھەيكەللەرگە ئوخشايدىغان بۇ تاشلار غالىبجاننى ناھايىتى جەلپ قىلدى. ئۇ بىر - بىرىدىن ئۆزگىچە بۇ تاشلارنى كۆرۈپ ھەممىنى ئۇنتۇدى.

— پاھ، مانا ماۋۇ ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنەۋاتقان تۇلپارغا ئوخشايدىكەن. مانا ماۋۇ قوش لوكىلىق قامەتلىك تۆگىنىڭ ئۆزى ئىكەن. مانا ماۋۇ ئۇچۇش ئالدىدىكى بۈركۈتكە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە! توۋا، ماۋۇ ئاقتاش خۇددى مېنىڭ مومامغا ئوخشايدىكەن، ئۇنىڭ كولۇمسىرەپ تۇرۇشلىرىمۇ دەل مومامنىڭ ئۆزى. غالىبجان مومىسىغا ئوخشايدىغان ئاقتاشنى كۆرۈپ، خۇددى مومىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ تاش مومايغا قاراپ مومىسى ئېيتىپ بەرگەن «يېرىل تېشىم» دېگەن چۆچەكتىكى ناخشىنى ئىختىيارسىز ھالدا غىڭشىپ ئېيتىپ قالدى.

يېرىل تېشىم، يېرىل تېشىم،
مەن ...



شۇ چاغدا غالىبجان چۆچۈپ كەتتى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تاش مومايىنىڭ باغرى چاراسلاپ يېرىلدى. تاش مومايىنىڭ يېرىلغان باغرىدىن گۈزەل بىر دۇنيا كۆرۈندى. غالىبجان تاشنىڭ باغرىغا قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى، ئۇ ئەتراپى گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن تۈپتۈز يولدا كېتىۋاتاتتى، رەڭگىرەڭ خۇددى تاغ گۈللىرىگە ئوخشايدىغان بىر قىز بىلەن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئوغۇل بىردىن گۈل دەستە تۇتۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. غالىبجان ئۇ-
لارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولغۇچە، قىز بىلەن يىگىت ئۇنى قارشى
ئالدى.

— خوش كەپسىز، بىزنىڭ مەكتەپتە بىلىم ئېلىشىڭىزنى
قىزغىن قارشى ئالىمىز.

— سىلەرنىڭ مەكتىپىڭلار قايسى مەكتەپ؟ — غالىبجان ئوغۇل
بىلەن قىزغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلغاندىن كېيىن سورىدى.

— بىزنىڭ مەكتىپىمىز ئىمتىھانسىز، تاپشۇرۇقسىز مەكتەپ.

ئوغۇل بىلەن قىز قوللىرىدىكى گۈلدەستىنى غالىبجانغا بەر-
گەندىن كېيىن ئەدەپ بىلەن جاۋاب بەردى.

— ئىمتىھان بىلەن تاپشۇرۇق يوق مەكتەپمۇ مەكتەپ دېگىلى
بولامدۇ؟ — غالىبجان ھەيران بولۇپ سورىدى. غالىبجاننىڭ بۇ گې-
پىنى ئاڭلىغان قىز بىلەن ئوغۇل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ بۇ مەكتەپتە ئىمتىھان، تاپشۇرۇق مەۋجۇت ئەمەس، بۇ
مەكتەپتىكى ئۆگىنىدىغان نەرسىلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئويۇن بىلەن
بىرلىشىپ كەتكەن. بىز بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، سىز بۇنداق مەكتەپتە
ئوقۇشنى خالايسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خالايمەن، خالايمەن، — غالىبجان خۇشاللىقىدىن
سەكرەپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى.

قىز بىلەن ئوغۇل غالىبجاننى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ
ئالدىغا تىزىملىتىشقا ئېلىپ كىردى. كۈلۈپ تۇرىدىغان
ئايال مەكتەپ مۇدىرى غالىبجاننى خۇددى يېقىن دوستىنى
كۈتۈۋالغاندەك كۈتۈۋالدى. ئۇنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلىپ، ئالدىغا شاكىلات، قېتىق، مارۇژنى ۋە



كەمپۈتلەرنى قويۇپ قويدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟!

— غالىبجان.

— چىرايلىق ئىسمىكەن. بىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشنى خالىسىڭىز بۈگۈندىن باشلاپ ئوقۇسىڭىز بولىدۇ. بۇ مەكتەپتە سىز نېمىنى ئۆگىنىشنى خالىسىڭىز شۇ بار. بىلمىگەنلىرىڭىزنى مەكتەپتىكى ھەرقانداق مۇئەللىمدىن سورىسىڭىز دەپ بېرىدۇ ... ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز نېمىگە قىزىقسىڭىز شۇنى ئۆگىنىڭ. ھازىردىن باشلاپ سىز بىزنىڭ ئوقۇغۇچىمىز بولدىڭىز.

— مەن قايسى سىنىپتا ئوقۇيمەن؟

— سىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشى بويىچە ئۆگىنىپ تۇرۇڭ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بىز سىزنىڭ ئالاھىدىلىكىڭىز بويىچە سىنىپقا ئايرىيمىز.

قىز بىلەن ئوغۇل غالىبجاننى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ئايرىم - ئايرىم بۆلەكلەرنى بۆلۈنگەن بولۇپ، كىتاب ئىشكاپلىرىدا تۈرلۈك كىتابلار تىزىۋېتىلگەنىدى. كىتاب ئىشكاپلىرىنىڭ يان تەرىپىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. بۇ يەردە پاشىنىڭ غىڭىلدىغىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. ئوقۇتقۇچىلار يوق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئۇلارنىڭ شۇنداق تىنچ ئولتۇرۇشى غالىبجاننى ھەيران قالدۇردى.



بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىكى تەجرىبىخانىدا ئوقۇغۇچىلار خالىغانچە تەجرىبە ئىشلەۋاتاتتى. بەزىلەر تۈرلۈك مودېللارنى ياساپ، يېڭى كەشپىياتلار ئۈستىدە ئىزدىنەتتى. بىنانىڭ ئۈچىنچى، تۆتىنچى قەۋەتلىرىدىكى سىنىپلاردا ئو-

قۇشچىلار ئىسمىنى ئۆگەنگۈسى بولسا شۇنى ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكلىشىدە ئۆگىنەتتى. مەكتەپنىڭ كەينىدىكى باغدا رەڭدار گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ، فونتانلاردا سۇلار ئېتىلىپ تۇراتتى. قۇشلارنىڭ ناۋالىق سايراشلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۈللۈكلەرنىڭ بىر تەرىپىدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىدە بالىلار سۇ ئۈزۈۋاتاتتى. سۇ كۆلچىكىنىڭ نېرىسىدىكى كەڭرى مەيدانلىرىدا بالىلار خالىغان توپ تۈرىنى تاللاپ ئوينايتتى ۋە يەنە باشقا تۈرلۈك تەنھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنالايتتى.

ھېلىقى قىز بىلەن ئوغۇلنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بۇ مەكتەپتە تەتىل بىلەن ئادەتتىكى ئوقۇش ۋاقتىنىڭ پەرقى يوق ئىكەن. ساۋاقداشلار خالىسا ئوقۇپ، خالىسا دەم ئالىدىغان بولغاچقا، ئالاھىدە دەم ئېلىپ تەتىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۆيۈڭلەردە دەم ئېلىڭلار دەپ قويۇپ بەرسىمۇ يەنە مەكتەپكە كېلىۋالىدىكەن. مەكتەپكە تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان تەبىئىي باغچىدا تۈرلۈك ياۋايى ھايۋانلار بار ئىدى. بۇ يەردىكى يولۋاس، شىر، بۆرە، ئېيىق قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ ئوقۇغۇچىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلاتتى.

غالىبجان ساۋاقداشلىرى بىلەن باغچىغا كىرىپ تۈرلۈك ھايۋانلار بىلەن دوست بولۇپ ئوينىدى. مايمۇنلار بىلەن بىللە دەرەخكە ياماشتى. ئاق قۇ، ئۆردەك، غازلار بىلەن بىللە كۆلدە سۇ ئۈزدى. يىلپىز، تۆگىقۇشلار بىلەن يۈگۈرۈشتە بەسلەشتى.

ئۇ ئاشۇ باغچىدىكى بىر يولۋاس بىلەن دوست بولۇپ قالدى. يولۋاس خۇددى غالىبجاننىڭ بوۋىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان بوم ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى:



—سەن بۇ مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن دەرسلەرنى

ياخشى ئۆگىنىۋاتامسەن؟ نەتىجەڭ قانداقراق؟

— بۇ يەردە نەتىجە سورۇشتۇرۇلمەيدىكەن، ئۆگەنگەن بىلەن ئۆگەنمىگەننىڭ ئانچە پەرقى يوق ئىكەن، شۇڭا...

— شۇڭا ئۆگەنمەي ئويناپ يۈرۈۋېتىپسەن - دە.

— ياق، ياق، ئۆگىنىۋاتىمەن، بىراق نەتىجەمنىڭ قانداقلىقىنى دەپ بېرەلمەيمەن. مەن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇدۇم، نۇرغۇن نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدىم، نۇرغۇن تۈرلۈك بىلىملەرنى ئىگىلىدىم، لېكىن پەقەت زېرىكىشلىك ھېس قىلمىدىم.

— بۇرۇنقى مەكتىپىڭدىچۇ؟

— ئۇ مەكتەپتە تاپشۇرۇق، ئىمتىھانلاردىن بەك زېرىكىپ كەتكەندىم. ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈنمۇ تەنقىد ئاڭلايتتىم. بوغچام ناھايىتى ئېغىرتى، ئۇنى ئۆشنەمگە ئېلىپ دوك ئادەمدەك ماڭاتتىم ...

— ئۇنداق بولسا مەن سېنى ئوينىتىپ كېلەي، ماڭا مىنگىن!

— يولۋاس شۇنداق دېگەندىن كېيىن غالىبجاننىڭ ئالدىدا يېتىپ بەردى، غالىبجان يولۋاسقا ئاۋايلاپ مىندى. يولۋاس ئورنىدىن تۇرۇپ بىر سىلكىنگەندى، ھەيۋەتلىك بىر جۈپ قانات پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى قۇشلاردەك ئاسماندا پەرۋاز قىلدى. غالىبجان خۇشاللىقىدىن يايراپ كەتتى ...

— قوپە، قوپە، قايتىدىكەنمىز، چۈش پېشىن بولغۇچە ئۇخلاسەن، لاگېرغا ئۇخلىغىلى كەپتىكەنسەن - دە.

غالىبجان چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خېلى ئۇزۇندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى چېدىر ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تالاغا چىقىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە ناشتا قىلدى. غا-

لىبجانلارنىڭ لاگېردىن قايتىدىغىنىغا يەنە بىرنەچچە كۈن بار بولسى-
مۇ، مەكتەپتىن تېز قايتىپ كېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كەپتۇ. چۈن-
كى، ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان مۇھىم بىر ئىمتىھان چىقىپ قاپتۇ.
غالىبجاننىڭ ساۋاقداشلىرى يۈك - تاقلىرىنى ئاپتوموبىلغا ئالدىراپ
بېسىۋاتاتتى، غالىبجان چېدىرنىڭ نېرىراقىدىكى بىر يوغان تاشنىڭ
ئالدىغا كېلىپ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ۋارقىرىدى:

—يېرىل تېشىم، يېرىل!

بىراق، تاش يېرىلىدىغاندەك قىلمايتتى.



# ئاتا سۆزى

بۇرۇن بولغان ئىكەن شۇنچە
باياشات بىر ئەل،
خەلقى ئۇنىڭ ئىشچان ئىكەن
توققۇزى ھەم تەل.
لېكىن، ئاڭا ياش بىر يىگىت
بولۇپ پادىشاھ،
ئەل غېمىنى يېمەستىن ئۇ
قىپتۇ تاماشا.
سازچى ھەييار، ئۇسسۇلچىنى
يىغىۋېلىپ ئۇ،
كەيپ - ساپا قىپتۇ ئۇڭدا
يېتىۋېلىپ ئۇ.
بىرنەچچە يىل ئۆتە - ئۆتمەي
تۈگەپ ئەلۋەكلىك،
ئاچ - زارلىقتىن خەلق قاقشاپ
ئۆتۈپتۇ دەردلىك.
ئەل قولىدا بولمىغاچقا
تۈزۈك دان، باشاق،

www.uyghurkitap.com



تۆلىيەلمەي قاپتۇ ئەمدى
ئالۋان ۋە ياساق.
ئوردىنىڭمۇ هالى ئەمدى
بولغاچقا چاتاق،
شاھ ئويلاپتۇ: بولماس ئەمدى
بىز بۇنداق ياتساق.
شۇڭلاشقا ئۇ ۋەزىرلەردىن
سوراپ مەسلىھەت.
ئۇلار بىلەن ئۇچۇق - يورۇق
قۇرۇپتۇ سۆھبەت.
«ئەي ۋەزىرلەر سىلەر تۇرۇپ
ئاقىل ۋە دانا،
بىلدىڭلارمۇ ئاچارچىلىق
يۈز بەردى بۇندا.
سەۋەبىنى ماڭا تېزرەك
ئېيتىپ بېرىڭلار،
يا بولمىسا ئۇشبۇ ئەلدىن
تېزرەك كېتىڭلار.»
ئويناپ كۈلۈپ كۆنۈپ قالغان،
ۋەزىر - ۋۇزراغا،
هار كېلىپ بۇ، مۇڭلىنىپتۇ
ئاچقاندەك هازا.
ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ
تاپالماي سەۋەب،



بىر - بىرىنى ئەيىبلەپتۇ
قىلىشىپ غەزەپ.
ۋەزىرلەرنىڭ ئەڭ كىچىكى
تاپتىم ئەقىل دەپ،
خۇشاللىقتىن ئۆزۈنغىچە
قىلالماپتۇ گەپ.
«بىلدىڭلارمۇ يۇرتىمىزدا
قېرى كۆپىيىپ،
ئىشلىمەستىن بىكار يەيدۇ
ئۆيىدە يېتىپ.
ئاتمىش ياشتىن ئاشقانلارنى
يوقاتساق كۆزدىن،
ئەلۋەكچىلىك ئۆز ئەسلىگە
كېلىدۇ تېزدىن.»
باشقىلارمۇ بۇ ۋەزىرگە
ئوقۇپ ئاپىرىن،
يەتكۈزۈپتۇ بۇ خەۋەرنى
شاھقىمۇ تېزدىن.
نادان شاھمۇ بۇ سەۋەبنى
توغرا دەپ قاراپ،
ۋەھشىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ
ئىت كەبى قاۋاپ.
«مەملىكەتتە يۈز بەرگەچكە
ئېغىر بىر غۇربەت،

ھەممە يەرنى قاپلىماقتا
مۇڭ بىلەن ھەسرەت.
چۈنكى ئەلدە بەكمۇ كۆپتۇر
بىكارچى قېرى،
ئۇنى ئەمدى دەرھال كۆزدىن
قىلىڭلار نېرى.»
بۇ بۇيرۇقتىن كېيىن ئەلدە
كۆتۈرۈلۈپ چۇقان،
قېرىلارنى قەتلى قىلىپ
تۆكۈلۈپتۇ قان.
ئاتمىش ياشتىن ئاشقان
بىرمۇ قېرى قالماپتۇ.
بۇ پاجىئەگە چىدىيالماي
خەلق يىغلاپتۇ.
ئاشۇ ئەلدە ياشىغانىكەن
ئاتا ۋە ئوغۇل،
ئوغۇل ئىكەن گوياكى بىر
ۋاپادار بۇلبۇل.
بوۋاينىڭكى ئىسمى ئىكەن
دانىشمەن بىلال،
ئوغلىنىمۇ دەيدىكەن ئەل
ۋاپادار زىلال.
زىلال شاھنىڭ بۇيرۇقىنى
ئاڭلىغان چاغدا.



ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈپتۇ
مۇڭلىنىپ داغدا.
بىراق زىلال ياش تۆكۈپلا
قاراپ تۇرماپتۇ،
دادىسىنى قۇتقۇزۇشقا
ئامال ئويلاپتۇ.
سېلىپ دەرھال بىر ئۆينى ئۇ
يەرنىڭ ئاستىغا.
ئۇنى مەخپىخانا قىپتۇ
جان دادىسىغا.
شۇڭا بوۋاي ئامان قاپتۇ
بۇ پالاكەتتىن،
قۇتۇلۇپتۇ ئاتا ـ بالا
بىر ئېغىر دەردتىن.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئەلگە كەپتۇ
يەنە بىر ئاپەت،
قۇرغاقچىلىق ئېلىپ كەپتۇ
ھەر ئۆيگە كۈلپەت.
ئوردىدىمۇ ئىچىملىك سۇ
ئۈزۈلۈپ قاپتۇ،
شاھنى ئەمدى بىر ۋەھىمە
ئىلكىگە ئاپتۇ.
بىكار تەلەت ۋەزىرلەرمۇ
قىلالماي ئامال.



ئۇسسۇزلۇقتىن بولۇپ نىمجان
تىترەپتۇ غال - غال.
شاھ ئامالسىز ئەل ئىچىگە
چۈشۈرۈپ پەرمان،
قىلماق بوپتۇ ئەلنى دەرھال
تىنچ ۋە ئامان.
«ئەل ئىچىدە كىمكى سۇنى
ھەل قىلالىسا،
شاھلىقىمنى بېرەي ئاڭا
ئەگەر خالىسا.»
ئۇشبۇ خەۋەر يەتكەن چاغدا
يىگىت زىلالغا،
بۇ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ ئۇ
بوۋاي بىلالغا.
بىلال بوۋاي كۆرسىتىپتۇ
زىلالغا ئەقىل،
«بالام ئەمدى سەنمۇ دەرھال
مەن دېگەننى قىل.
قويۇپ بەرگىن كەڭ دالاغا
كالا پادىسىنى،
سۇ بار يەرگە باشلاپ بارار
جەزمەن ئۇ سېنى.»
زىلال دەرھال يەتكۈزۈپتۇ
شاھقا بۇ گەپنى،



شاھ زىلالنى قوبۇل قىپتۇ
ساقلاپ ئەدەپنى.
كالىلارنى قويۇپ بەرگەن
ئىكەن دالىغا.
توپلىشىۋاپتۇ بىر يەرگە ئۇ
ماڭماي ئالدىغا.
ئاشۇ يەرنى كولىغانىكەن
ئەل - جامائەت تەڭ.
سۇپسۈزۈك سۇ ئېتىلىپتۇ
دەريا كەبى كەڭ.
شۇنىڭ بىلەن ئەل ئاپەتتىن
قۇتۇلۇپ قاپتۇ،
ئەلنى يەنە يېڭى شادلىق
ئىلكىگە ئاپتۇ.





# تاغىل مۈشۈك

توختىكامىنىڭ تاغىل مۈشۈكى بارغانسېرى ھورۇنلىشىپ چاشقانمۇ تۇتمايدىغان بوپتۇ. ئۇ بىكار بولسىلا كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خورۇلداپ ئۇخلايدىكەن. توختىكام قاسساپ بولغاچقا، ئۇنىڭغا بەز ۋە پەش گۆشلەرنى ئەكىلىپ بېرىدىكەن. تاغىل مۈشۈك بەز ۋە پەش گۆش بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇۋالغاچقا، ھېچنەرسە ئېغىزىغا تېتىمايدىغان بوپتۇ. بۇرۇن تاغىل مۈشۈكتىن قورقۇپ تۆشۈكلىرىدىن چىقمايدىغان چاشقانلار ئاستا-ئاستا تۆشۈكلىرىدىن چىقىپ، بەخىرامان ھەرىكەت قىلىدىغان بوپتۇ. بىر كۈنى چاشقانلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ:

— ھەي باللار، — دەپتۇ چاشقانلارنىڭ ياشتا ئەڭ چوڭى، بىرنەچچە چاشقاننى ئەتراپىغا يىغىپ، — يېقىندىن بېرى تاغىل مۈشۈك ئاغرىپ قالغانمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك بىزنى قوغلاپ ئارام بەرمەيدىغان ھالى يوققۇ، ئۇ كەچكىچە ئۇخلايدىكەن. ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭغا گۆش، بەزلەرنى تويغۇدەك ئەكىلىپ بېرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھازىر قورسىقى توق بولغاچقا، بىز بىلەن كارى بولمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۆي ئىگىسىمۇ ئۇنى دائىم گۆش، بەز بىلەن بېقىۋەرمەيدۇ. بىز بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇ-



تۈپ، يېمەكلىك ئامبىرىمىزنى تولدۇرۇۋالايلى.

باشقا چاشقانلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ چاشقانلار ئۆي ئىگىسى سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۆي ۋە ئاشلىق ئامبىرىدىكى نان، بوغداي، قوناقلارنى يېمەكلىك ئامبىرىغا توشۇيدىغان بوپتۇ. ناننى پۈتۈن پېتى كۆتۈرەلمىگەچكە پارچىلاپ توشۇپتۇ. قورسىقى توق، غېمى يوق تاغىل مۈشۈك بەخىرامان ئۇخلاپ، شېرىن چۈشىنى كۆرۈۋېرىپتۇ.

تاغىل مۈشۈك پادىشاھ بولۇپ، بېشىغا ئالتۇندىن تاج، ئۇچىسىغا ئەڭ ئېسىل تونىنى كىيىپ تەختتە ئولتۇرغۇدەك، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئۇنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرغۇدەك. تاغىل مۈشۈك ھاياجان بىلەن نۇتۇق سۆزلەۋاتقىدەك.

— بىز مۈشۈكلەر قاچانغىچە ئادەملەرگە بوزەك بولىمىز؟ ئۇلار بىزنى يۇمشاق كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇخلىتىپ قويسا، بىزنى ئەتىۋارلاۋاتىدۇ دەپ قالماڭلار، ئۇلارنىڭ مەقسىتى بىزگە چاشقان تۇتقۇزۇش. بىز بۇرۇن چاشقانلارغا ئوۋال قىلدۇق، ئۇلارنى ئازابلىدۇق، قىينىدۇق. ئادەملەر ئۆزلىرى ئەڭ ئېسىل يېمەكلىكلەرنى يەپ، نېمە دەپ بىزگە چاشقان گۆشى بىلەن بەزنى بېرىدىكەن؟ بىلىپ قويۇش! بۇنىڭدىن كېيىن قايسىڭ بەز ياكى چاشقاننى يەيدىغان بولساڭ مەندىن ياخشىلىق كۆرۈشمەيسەن. بىزمۇ سۈت ئىچىپ، قايماق يېيەلەيمىز، قايماق دېگەن شۇنداق تەملىك، — شۇ چاغدا بىر چاشقان ئۇنىڭ تومشۇقىدىن ئالاپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، تاغىل مۈشۈك ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

چاشقان ئۇنى مازاق قىلغاندەك سالام قىپتۇ:

— سالام تاغىل مۈشۈك، ئۇخلاپ كېتىپسىزغۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مىجەزىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ مەن سىزنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، قارىسام بەك تاتلىق ئۇخلاپ كېتىپسىز.

تاغىل مۈشۈكنىڭ كاللىسىدا بايىقى چۈشىنىڭ تەسىرى بولغاچقا، ئالدىدا سۆزلەۋاتقان چاشقاننىڭ چۈشىدە ياكى ئوڭىدا سۆزلەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي كۆزلىرىنى پارقىرىتىپتۇ.

— كۆزلىرىڭىز پارقىراپ كەتكەنگە قارىغاندا قورسىقىڭىز تازا ئاچقان ئوخشىمامدۇ؟ — چاشقان ئۇنى مازاق قىلىپ ۋىچىرلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن تاغىل مۈشۈك ئېتىلىپ بېرىپ چاشقاننى بوغۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، بىكار يەپ سەمرىپ كالامپايلىشىپ كەتكەچكە، ئۇ بارغۇچە چاشقان تۆشۈككە كىرىپ بوپتۇ. راست دېگەندەك تاغىل مۈشۈكنىڭ قورسىقى ئېچىپ كوكىراپ كېتىپتۇ. توختىكام تېخى كەلمىگەچكە، بەز ۋە گۆشلەرمۇ يوق ئىكەن. تاغىل مۈشۈكنىڭ بايىقى چۈشىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى ئېسىگە كەپتۇ.

— توغرا، قايماق دېگەننى ئادەملەرلا يەمدىكەن، مەنمۇ بىر يەپ باقايچۇ! — تاغىل مۈشۈك تاختا بېشىغا چىقىپ، بىر قاچا قايماقنى پاك - پاكىز تۈگىتىپتۇ.

— پاھ، پاھ، قايماق دېگەن بەك پەيزى نەرسىكەن جۇمۇ، ئادەملەرغۇ قانداق نەرسە يېيىشنى ئوبدان بىلىدۇ. قاراڭلار، ماڭا بەز بېرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ قايماق يەۋاتقىنىنى. بىراق قايماق ئىچىمنى قىزىتىۋاتامدۇ نېمە؟ ئەجەب ئۇسساپ كېتىۋاتىمەن، توغرا، قايماق يېگەندىن كېيىن قانغۇدەك بىر سۈت ئىچىۋەتمەمدىمەن.

بىر جاۋۇر سۈتنى ئىچىۋەتكەن تاغىل مۈشۈكنىڭ كۆڭلى يايراپ، بەدەنلىرى يەڭگىللىشىپ، يەنە كۆرپىگە



چىقىپ ئۇخلاپتۇ.

توختىكام ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئۆينىڭ بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ. سۈت ۋە قايماقلارنىڭ پاك - پاكىز يوق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆيگە ئوغرى كىرگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ ئالغاچ كەلگەن بەز ۋە پەش گۆشلەرنى مۈشۈككە بەرگەن ئىكەن، تاغىل مۈشۈك مىياڭلاپ يېگىلى ئۇنىماپتۇ.

بۇنى كۆرۈپ توختىكام تاغىل مۈشۈك ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئۇنىڭغا يەنە سۈت ئىچكۈزۈپ، قايماق يېگۈزۈپتۇ. تاغىل مۈشۈك ئاغرىپ قالغاچقا چاشقانلار ئۆينى قالايمىقان قىلىپ، يېمەك - ئىچمەكلەرنى ۋەيران قىلىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى چاشقانلار تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپتۇ. بۇرۇن توختىكام يوق چاغلاردا تۆشۈكىدىن چىقىدىغان چاشقانلار ھازىر ھەر قانداق چاغدا چىقىۋېرىدىغان بوپتۇ. چاشقانلار تاغىل مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرىنى تارتىپ، قۇيرۇقلىرىنى چىشلەپ، پەقەت كۆزگە ئىلمايدىغان بوپتۇ. توختىكام بۇ ئىشلاردىن تاغىل مۈشۈكتە ئۈمىد قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆيگە ۋە يېمەكلىك ئامبىرىغا تاختا مۈشۈك قويۇپ، يەمچۈك ئۈچۈن قۇيرۇق ماي قىستۇرۇپ قويۇپتۇ. تاغىل مۈشۈكنىڭ قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن چاشقان تۇتمايۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر نەرسە بەرمەي، سۈت، قايماق ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى مۈشۈك تاپالمايدىغان يەرگە تىقىۋېتىپتۇ. تاغىل مۈشۈك ئۇيقۇسىغا قېنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قورسىقىنىڭ ناھايىتى ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆيدىن يەيدىغان نەرسە تاپالماپتۇ. چاشقانلار ئەتراپىدا چېپىپ يۈرسىمۇ كارى بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئاخىرى تاختا مۈشۈكتىكى قۇيرۇق



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مايغا كۆزى چۈشۈپتۇ. ئۇ تاختا مۈشۈكنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، قويرۇق مايىنى قاپقاننىڭ ئىلغۇچىدىن پەم بىلەن چىقىرىۋېلىپ مەززە قىلىپ يەپ، يەنە ئۆزىنىڭ شېرىن چۈشىنى كۆرۈپتۇ.

تاغىل مۈشۈك كىچىكلەپ چاشقانچىلىك بولۇپ قاپتۇدەك. تۇلۇمدەك يوغىناپ كەتكەن چاشقانلار تاغىل مۈشۈكنىڭ پۇت - قوللىرىنى باغلاپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇلار تاغىل مۈشۈكنىڭ بۇرۇتلىرىنى يۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

—ھەي، پارقىراق كۆز، سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىزنىڭ گۆشىمىزنى يېگەن ئىدىڭ، مانا ئەمدى بىز سېنىڭ گۆشۈڭنى يەيمىز. سېنى چايناپ ئاۋارە بولماي، يالماپ يۇتۇۋەتسەكلا بولىدى.

چاشقان ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، ئۇنى يالماپ يۇتماقچى بولغاندا، تاغىل مۈشۈك مىياڭلىغىنىچە ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۈنكى، تاغىل مۈشۈكنىڭ بارلىق قىلىقلىرىنى بىلىپ بولغان توختىكام ئۇنى كالتەك بىلەن ئۇرۇۋاتقانىكەن. تاياق زەربىسىگە چىدىمىغان تاغىل مۈشۈك مىياڭلىغىنىچە بەدەر تىكىۋېتىپتۇ.







# ئادىتتىق سەركە

بۇرۇنقى زاماندا ئاقباشلىق تاغ ئارىسىدىكى گۈزەل بىر ئوتلاقتا قاۋۇل، مۇڭگۈزلىرى ھەيۋەتلىك، تاغلارنىڭ چوققىسىغىمۇ يامىشىپ چىقالايدىغان، خەتەرلىك تەبىئىي توساقلاردىنمۇ يول تېپىپ ماڭالايدىغان بىر سەركە بولغانىكەن. بۇ ئوتلاقتىكى 2 — 3 يۈزدىن ئارتۇق قوي ئاشۇ سەركە بىلەن بىللە ياشايدىكەن. قويلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭسا ئۆزلىرىنى بىخەتەر ۋە خاتىرجەم ھېس قىلىدىكەن. سەركە ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن قويلارنى زىيانغا ئۇچراتماي ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ، ياخشى يولغا باشلاپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ھۆرمىتىمۇ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ.

ئوتلاقتا ئانچە يىراق بولمىغان تاغ قاپتىلىدا بىر ياۋۇز بۆرە بىلەن ھىيلىگەر تۈلكە ياشايدىكەن. ئۇلار سەركىنىڭ كاساپىتىدىن قويلارغا ئېرىشەلمەيۋاتقاچقا، قانداق قىلارىنى بىلەلمەي بىئارام بوپتۇ.

— ھەي تۈلكە، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟ مەن پەقەت مۇۋاپىق ئامال تاپالمايۋاتىمەن، سەن بىر كاللاڭنى ئىشلەتكىنە، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلايلى، — پاقلان گۆشىنى سېغىنىپ چىشلىرى قىچىشىپ تۇرغان بۆرە تۈلكىگە ئۈمىد بىلەن يېلىنىپتۇ.

بۆرىنىڭ بىچارە ھالىتىنى كۆرگەن تۈلكە خىرىلداپ كۈلۈپتۇ.

— ھەي بۆرە ئاكا، سىلى پەقەت ئۆزلىرىگە ئوخشىماي قىلىۋاتىدىلا جۇمۇ، مۇشۇ ئىشتىمۇ مەندىن مەسلىھەت سو-



www.uyghurkitap.com



رايدىغان گەپمۇ. قوي، ئۆچكە دېگەنلەرنى خۇدايىم سىلىنىڭ يېيىشلەري ئۈچۈن ياراتقان تۇرسا، يەنە بۇنىڭغا ئامال قىلمەن دېگەنلىرى نېمىسى، خالىغان چاغدا بېرىپ، قوي، ئۆچكىدىن بىرنى تاللاپ يەۋەرسىلە بولىدى ئەمەسمۇ.

تۈلكىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بۆرە تولىمۇ ھاياجانلىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئەقلىگە بارىكاللا ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ قويلارنى تۇتۇپ يېيىشتىمۇ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپ يۈرگەنلىكىدىن خىجىل بوپتۇ. بۆرىنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ئۆچەيلىرى تارتىشىپ كېتىۋاتقاچقا، يەنە ساقلاپ ئولتۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، سەركە ۋە قويلار بار ئوتلاققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. پاقلان گۆشى يېيىش خۇشاللىقىدا خۇدىنى يوقاتقان بۆرە ناھايىتى تېز يۈگۈرگەچكە ئوتلاققا بىردەمدىلا كەپتۇ. بۆرىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن سەركە قويلارنى دەرھال قوتانغا كىرىشكە چاقىرىپتۇ. كۆك قوشقار بىلەن قارا باش قوشقار بۆرىگە بىللە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ.

بۆرە ئېتىلىپ كەلگىنىچە قوتانغا ئاتلاپ كىرىپ، قوي، پاقلانلارغا ھۇجۇم قىپتۇ. بىراق، كۆك قوشقار، قارا باش قوشقار ۋە سەركە ئۈچ تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ بۆرىنى ئۈسۈپتۇ. بېشى قىچىشىپ تۇرغان قوشقارلار بۆرىنىڭ بېقىن، يانپاشلىرىغا توختىماي ئۈسۈۋېرىپتۇ. سەركىمۇ قوش خەنجەردەك ئۈچلۇق مۈڭگۈزى بىلەن بۆرىنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۈسۈپتۇ. ھەر تەرەپتىن كەلگەن بۇ زەربىدىن ئېغىز-بۆرنى قان بولۇپ، قوۋۇرغىسى ۋە بېقىنلىرى يارىلانغان بۆرە جېنىنى ئاران ئېلىپ قېچىپتۇ.



بۆرە قايتىپ كېلىپ تۈلكىگە غەزەپ بىلەن ۋارقىراپتۇ:

— سەن كالۋانىڭ مەسلىھەتىگە نېمە دەپمۇ كىرگەن

بولغىيتتىم، قاراپ تۇرۇپ جېنىمدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالدىم. يائاللا، ئاۋۇ سەركىنىڭ مۈڭگۈزى ئۆتكۈر خەنجەرنىڭ ئۆزىكەنغۇ، ئىچ قارنىمنى چۇۋۇۋەتكىلى تاس قالدى. ئەمدى كاللاڭنى تۈزۈكرەك ئىشلەت، ئەگەر مەن ئۇلاردىن ئۆچۈمنى ئالالمىسام دەردىمنى سەندىن ئالمەن. ۋاي، ۋاي قوۋۇرغام، ۋاي بېقىنلىرىم، سەن ئۆلگۈر تۈلكە...

تۈلكە بۆرىنىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ قاپتۇ. راست دېگەندەك ئۇ ئەمدى مۇۋاپىق بىر ئامال تاپمىسا بۆرە ئۇنىڭغا كۈن بەرمەيتتى.

— توختاپتۇر، ئۇلارغا قاتتىق ۋاستە ئاقمىغاندىن كېيىن يۇمشاق ۋاستە قوللىنىپ باقاي. توغرا، توغرا، بۇ يۇمشاقباشلارغا يۇمشاق ۋاستە قوللانسام بولغۇدەك. ئەنە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن تۈلكە بۆرىگە باشقا گەپ قىلماي ئوتلاققا قاراپ يۈگۈرۈپتۇ.

تۈلكە يىراقتىن ئوتلاقنى كۆزىتىپتۇ. قويلار بەخىرامان ئوتلاپ، قوزى - پاقلانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ يۈرگەنىكەن، سەركىمۇ ئەتراپىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزەتكەچ ئوتلاپ يۈرگۈدەك. تۈلكە سەركىگە يېقىنراق چۆپلۈكتە يارىلانغاندەك بولۇپ يېتىۋېلىپ ۋارقىراپتۇ.

— ئادەم بارمۇ؟! قۇتقۇزۇڭلار! سەركە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاۋازى ناهايىتى مۇڭلۇق، بىچارىلارچە چىقىۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپتۇ.

— هەي تۈلكىجان، نېمە بولدۇڭ؟ — سەركە تىترەك ئاۋازى بىلەن سوراپتۇ. تۈلكە يالغاندىن يەنە بىرنەچچىنى ئىڭرىۋېتىپ مۇنداق دەپتۇ:



— بايا، ئاۋۇ بۆرە دېگەن تويماس مۇشۇ يەردە قويلارنى پايلاپ تۇرۇپتىكەن. مەن ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ «ئۇنداق قىلما، بولمىسا مەن قويلارغا دەپ قويىمەن» دېسەم، ئۇ يىرتقۇچ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى. بىلىمىز

ياخشى سىز كېلىپ قالدىڭىز، بولمىسا ئۇ مېنى ئامان قويماسكەن.

—بۆرە قېنى؟

—تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى.

—مەن ئۇنى ئاللىقاچان بەدەر تىكىۋەتتىمىكىن دېسەم، يەنە پايلاپ يۈرۈپتىكەن - دە، رەھمەت سىزگە!

سەركىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان تۈلكە يالغان ۋاي - ۋايلاپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ.

—مەن سىزدىن بىرنەرسىنى سورىماقچى ئىدىم.

—نېمىنى؟ —سەركە كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن قويلارنى ئوتلاشقا بۇيرۇپ، تۈلكە بىلەن ئەستايىدىل پاراڭلىشىپتۇ.

—سەركىنى ئىزدەيتتىم، مەن هازىر يولۋاس پادىشاھنىڭ خە-ۋەرچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتىم. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سەركىگە خەۋەر يەتكۈزگىلى كەلگەنىدىم.

—سىز سەركىنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — سەركە ئالدىرىماي سو-راپتۇ.

—ياق، كۆرمىگەن، ئۇنى كۆرسەممۇ تونۇمايمەن. سىز تونۇمسىز؟

—سەركە كۈلۈپ كېتىپ ئۆزىنىڭ سەركە ئىكەنلىكىنى، قانداق گەپ بولسا ئۆزىگە دېسە بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

—شۇنداق بولسا بەك ياخشى بولدى، ئەمدى سىزنى ئىزدەپمۇ ئاۋارە بولمايدىغان بولدۇم، — تۈلكە ئەتراپقا قارىۋېتىپ، سەركىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپتۇ.

—شاھ يولۋاس سىزنى ئۇزۇندىن بۇيان كۆزىتىپتى-كەن، ئۇ سىزنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلماقچىكەن. بە-راق، ئۇنىڭ بىر شەرتى بار ئىكەن، ئەگەر شۇ شەرتنى ئۇ-

sweet

رۇندىسىڭىز، ئوڭ قول ۋەزىرلىكىنىڭ بىرىنى بولۇۋېدىكەنسىز... ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئۈچ كۈندە بىر قوينى تاغ ئېتىكىدىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە باشلاپ بېرىپ، ئېزىقتۇرۇپ كېتىپ قالىدىكەنسىز. ۋاقتى كەلگەندە ئۇ سىزنىڭ ئوڭ قول ۋەزىر بولغانلىقىڭىز ھەققىدە ئالاھىدە ئۇقتۇرۇش چۈشۈرىدىكەن. ئاڭغىچە شاھ سىز بىلەن يۈز كۆرۈشمەيدىكەن.

— مەن ئەمدى قايتاي. شاھ يولۋاس ساقلاپ قالىدۇ، خالىسىڭىز چۈشتىن كېيىنلا شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا... تۈلكە گېپىنى تۈگەتمەيلا تاغ ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ.

شاھ يولۋاسقا ئوڭ قول ۋەزىر بولۇشنىڭ راھەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدىغان سەركە ئۇيان ئويلىنىپ، بۇيان ئويلىنىپ، ئاخىرى شاھ يولۋاسنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ سەركە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا قوي ياكى پاقلاندىن بىرنى باشلاپ كېلىپ، ئېزىقتۇرۇپ قېچىپ كېتىدىكەن. ئۇ بۇ ئىشنى ئۇستىلىق بىلەن ھەركۈنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ۋەزىر بولۇشقا ئالدىراپ، بىر كۈندە 4—5 قوينى ئەگەشتۇرۇپ قارا ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئېزىقتۇرۇپتۇ. بۆرە بىلەن تۈلكە بۇ تەييار ئولجىلار بىلەن دوستلىرىغا كۈندە زىياپەت قىلىپ بېرىپتۇ. بىراق، سەركە ئوتلاقتىكى قويلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ، بۆرە بىلەن تۈلكىگە يەم قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ، شاھ يولۋاستىن ئۇنىڭ ۋەزىر بولغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشمەپتۇ. ئاخىرى ئوتلاقتا بىرمۇ قوي قالماي، يالغۇز قالغان سەركە ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋارقىراپتۇ:

— شاھ ئالىيلىرى، ھەممە قوينى باشلاپ ئەكىلىپ بولدۇم، ئەمدى مېنى ۋەزىر قىلمامالا!



شۇ چاغدا بىر توپ بۆرە ئېتىلىپ چىقىپ، سەركىنى خامتالاش قىلىپ يەۋېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com



# كىتابنىڭ خاسىيىتى



بۇرۇنقى زاماندا تەكلىماكاندىكى قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ بىرىدە ئالىم ئىسىملىك ھەم باي، ھەم مەرىپەتپەرۋەر بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ئۇ سودىگەرلىك قىلىپ كۆپلىگەن شەھەر ۋە سەھرالارغا بېرىپ، كۆپ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانىكەن. ئۇنىڭ كاتتا ئايۋان - سارايلىرى، نۇرغۇن مال - دۇنياسى بار ئىكەن. ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلىرىدا نەچچە ئېغىز ئۆي ۋە كۇتۇپخانىسى بار بولۇپ، كۇتۇپخانىدا تۈرلۈك ئىلىمگە مۇناسىۋەتلىك ناھايىتى كۆپ كىتابلار بار ئىكەن. ئۇ كىتابلىرىنى ئۆزىنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىدىنمۇ بەكرەك قەدىرلەيدىكەن. ئۇنىڭ قاسىم ۋە ئاسىم ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئاپىسى بالىلىرى كىچىك چېغىدىلا تۇگەپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بالىلىرىنى كاتتا شەھەرلەردىكى مەدرىسلەردىكى داڭلىق مۇددەرىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغانىكەن. بالىلىرى 20 ياشقا كىرگەندە ئالىم ئاكا تۇيۇقسىز ئېغىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. داڭلىق تېۋىپ،

ھېكىملەرنى تەكلىپ قىلىپ كېسىلىنى داۋالاتقان بولسىمۇ، كېسىلى پەقەت شىپا تاپماپتۇ. ئالىم ئاكا كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوغۇللىرىنى ئالدىغا چاقىرتىپ، ئۆزىدە بار بارلىق مال - دۇنيالارنىڭ تىزىملىكىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ مۇنداق دەپتۇ:

—قەدىرلىك ئوغۇللىرىم، مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتا سىلەردىن باشقا ھېچنەرسەم يوق. سىلەر ئاپاڭلاردىن كىچىكلا يېتىم قالغان بولساڭلارمۇ، مەن سىلەرنى قاناتلىقتا قاقتۇرماي، تومشۇقلۇقتا چوقۇلاتماي ئوبدان چوڭ قىلدىم. ئالدى بىلەن ئاللانىڭ ئىلتىپاتى، ئاندىن قالسا ئۆزۈڭلارنىڭ ئەقلى بىلەن ساغلام، زېرەك چوڭ بولدۇڭلار. كۆڭلۈم تويۇپ تۇردى، مەن بۇ كېسەلدىن ئۆرە بولالمايدىغان ئوخشايمەن. ئاشۇ تىزىملىكتىكى نەرسىلەر مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرغىنىم... ئۇنى ئۆزۈڭلار بىلىپ... قېرىنداش بولغاندىن كېيىن...

ئالىم ئاكا گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي، قاتتىق بىر يۆتەلگەن باھانە بىلەن مەڭگۈلۈك كۆز يۇمۇپتۇ.

قاسىم بىلەن ئاسىم دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز لايىقىدا ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن، ئاسىم بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە كۈندە كۇتۇپخانىدىن چىقماي كىتاب ئوقۇپ بىلىم ئىگىلەپتۇ. قاسىم بولسا شۇنچە كۆپ بايلىقنىڭ ئۆزلىرىگە ئوڭچە قالغىنىدىن خۇشال بولۇپ، راھەت - پاراغەت كۈن كۆچۈرۈش خىيالىدا مەست بولۇپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى قاسىم ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان ئاسىمنى چاقىرتىپ مۇنداق دەپتۇ:



—ئۇكام، مەن يېقىندا توي قىلماقچى. مەن توي قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولسام، داۋاملىق بۇنداق بىرگە ئۆتۈپ كېتەلمەيمىز. ھامىنى بىر كۈنى ئايرىلىدىغان گەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



شۇڭا دادامدىن قالغان مال - دۇنيالارنى ئۆز لايىقىدا بۆلۈشۈۋالايلىمىكىن دەپ چاقىرتقانىدىم، سەنچە قانداق بۆلۈشسەك بولار؟ ...

—بۆلۈنگەننى بۆرە يەر، دەپتىكەن ئاكا. بۇ بايلىقلار دادامدىن قالغان، بىز ئۇنى بۆلۈشۈۋېلىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇ پەقەت ئىككىمىزگىلا تەۋە بولغاندىن كېيىن، بۆلۈشمىز دەپ يۈرگىچە، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئىشلەتسەكلا بولمىدىمۇ، — دەپتۇ ئاسىم سالماقلىق بىلەن.

—ھەي ئۇكام ، — دەپتۇ قاسىم كۆڭلىدىكى گەپنى ئاشكارىلاشقا ئامال قىلالماي. — بۇ ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپلا يەۋەتسە بولىدىغان بىر تال ئالما ئەمەس ياكى خالىغاندا كىرىپ قېقىپ يەيدىغان باغنىڭ ئۆرۈكى ئەمەس، بىز قان - قېرىنداش بولساقمۇ، ئۆز ئالدىمىزغا ئىگىلىكىمىز بولۇشى كېرەك. دادامدىن قالغان بۇ بايلىقلارنى ئۆز لايىقىدا بۆلۈشۈپ، چەك - چېگرانى ئېنىق قىلىۋەتمىسەك، ئۇ ھامان بىزگە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرىشى مۇمكىن، شۇڭا...

قاسىم نېمىنىدۇ دېمەكچى بولغانىدەك ئېغىزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ گېپىنى يۇتۇۋېتىپتۇ.

ئەقىللىق ئاسىم ئاكىسىنىڭ دۇدۇقلاپ گېپىنى تاپالمايۋاتقانلىقىدىن ھەمدە كۆزلىرىدە بورۇن ئۇ كۆرۈپ باقمىغان ئالىلقانداق بىر نۇرنىڭ چاقناپ كەتكەنلىكىدىن، ئاكىسىنىڭ قەلبىدە يامان بىر غەرەزنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى سېزىپ قاپتۇ. شۇڭا ئۇنى سىناپ باقماقچى بوپتۇ.

—ئەگەر شۇنداق ئويلىغان بولساڭ مېنىڭمۇ باشقا گېپىم يوق. دادامدىن قالغان مال - دۇنيانىڭ تىزىملىكى سېنىڭ قولۇڭدا تۇرۇپتۇ. ئۇنى تەڭ بۆلۈشۈۋالساق



بولمىدىمۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قاسىم دەرھاللا:

—بولىدۇ ئۇكام، ئەقلىڭگە بارىكاللا، تىزىملىك مېنىڭ قولۇمدا بار، سەن ئەمدى چىقىپ كىتابىڭنى ئوقۇ. ھازىرچە ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ. نەچچە كۈندىن كېيىن ئاشۇ نەرسىلەرنى تىزىملىك بويىچە بۆلۈشۈۋالايلى، —دەپتۇ خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي.

ئاسىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ-دە، كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ كىتاب ئوقۇپتۇ.

قاسىم دەسلەپتە ئۇكىسى بىلەن مال-دۇنيالارنى تەڭ بۆلۈشۈشكە رازى بولغان بولسىمۇ، كۆڭلىدىكى شەيتان ئۇنى يەنە جىم ياتقۇزماپتۇ. شەيتان ئۇنىڭغا مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

—سەن ئاكا، ئۇ ئۇكا تۇرسا، نېمە دەپ مال-دۇنيانى تەڭ بۆلۈشكىدەكسەن، ئەسلى سەن مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ، ئۇكاڭغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ بېشىنى سىلاپ قويساڭلا بولاتتى، ئەمدى...

شۇ كۈنى كەچتە قاسىم پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ. ئۇنداق ئويلاپ، مۇنداق ئويلاپ تاڭ ئاتقاندا كاللىسىغا بىر ئەقىل كەپتۇ-دە، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ. تىزىملىكنى ئاسىم كۆرۈپمۇ باقمىغانىكەن، شۇڭا ئۇ تىزىملىكتىكى ئاسىم تېخى ئاڭلاپ باقمىغان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇستا بىر خەتتاتنى تېپىپ، تىزىملىكنى باشقىدىن تۈزۈپتۇ.



بىر كۈنى قاسىم ئاسىمنى يېنىغا چاقىرتىپ تىزىملىكنى كۆرسىتىپ، بۇ نەرسىلەرنى تەڭ بۆلۈشەيلى دەپتۇ.

ئاسىم تىزىملىكتە بىر قاراپلا بۇ تىزىملىكتىكى خەتنىڭ دادىسىنىڭ يازمىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ، ئاكىسىنىڭ يامان نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلماقچى بوپتۇ.

—ئۇنداق بولسا سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە بۆلۈشەيلى، — ئاسىم شۇنداق دېگەندىن كېيىن نەرسە - كېرەكلەرنى ھازىرلا بۆلۈۋالىدىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. قاسىم شۇنچە كۆپ بايلىقلارنى ئىنىسىگە بىلدۈرمىسىمۇ ئىنىسىنىڭ ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تىزىملىكتىكى يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوقىتىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان يەپتۇ. ئەمدى ئۇ ھازىرقى تىزىملىكتىكى مال - دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئاسىمغا بېرىشقا يەنە چىدىماپتۇ - دە، ئازابتىن تولغىنىپ كېتىپتۇ. شۇڭا بىر باھانە كۆرسىتىپ بۇ بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى يەنە ئېلىۋالماقچى بولۇپ، ئورنىدىن تۇرغان ئاسىمنى ئولتۇرغۇزۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئۇكام، ساڭا بىر گەپنى قىلاي، سەن باشقىچە ئويلاپ قالما، ئۇ مېنىڭ گېپىم ئەمەس دادامنىڭ گېپى ئىدى... ئىشقىلىپ ئاڭلاپ قويساڭلا بولدى... بولمىسا دادامنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن.

ئاسىم «نېمە گەپ؟» دېگەندەك ئاكىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپتۇ. قاسىم يالغان سۆزلەۋاتقاچقا ئاسىمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالماي دۇدۇقلاپتۇ:



—دادام ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ماڭا «مەن ئۆيدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى قالدۇرۇپ قوياي دەيمەن. سەن ئۆينىڭ چوڭى بولغاندىن كېيىن بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئالغىن، ئۇكاڭ ئۈچتىن بىر

قىسمىنى ئالسۇن» دېگەنىدى. بىراق، مېنىڭ دادامنىڭ دېگىنى بويىچە بۆلگۈم كەلمىدى، ئۇنداق بۆلسەم ساڭا ئۇۋال بولىدىغاندەكلا بىلىنىدى، شۇڭا...

ئاسىم ئاكىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ مۇنداق دەپتۇ:

—ئاكا، دادام نېمە دېگەن بولسا شۇنداق قىلايلى، مېنىڭمۇ دادامنىڭ بۇ بايلىقلىرىنى بۆلۈۋەتكۈم يوق ئىدى. سەندىلا تۇرسا ۋاقتى كەلگەندە مەن سەندىن سوراپ ئىشلەتسەم بولماسمۇ؟

بۇ گەپ قاسىمغا ياغدەك يېقىپتۇ. «بۇ گېپىڭنىمۇ ئويلىشىپ باقساق بولغۇدەك، ھازىرچە بۇ ئىشلار مۇشۇ پېتى تۇرۇپ تۇرسۇن» دەپتۇ قاسىم كۆڭلىدە باشقىچە چوت سوقۇپ.

كۆپ ئۆتمەي قاسىم توي قىپتۇ. ئۇ ئاسىمغا مەسلىھەتمۇ سالماي، تويىنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپتۇ. قاسىمنىڭ ئايالى چىرايلىق بولغان بىلەن مىجەزى قوپال،ئىچى تار ئىكەن. ئاسىم باشتا يەڭگىسىگە خۇددى ئۆز ھەدىسىنى ھۆرمەتلىگەندەك ياخشى مۇئامىلە قىپتۇ. يەڭگىسىمۇ ئۇنى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرۈپ تاماقلىرىنى ئېتىپ، كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كىر يۇيسا ئاسىمنىڭ كىرلىرىنى ئايرىپ قويىدىغان، تاماقنىمۇ قاسىم بىلەن ئۆزىگە تۇشلۇقلا ئېتىدىغان بوپتۇ. قاسىممۇ مال - دۇنيانى بۆلۈش ھەققىدىكى ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ، ئاسىمنى ئۇشۇقچە بىر ئادەمدەك كۆرىدىغان بوپتۇ. قاسىم دادىسىدىن قالغان مال - دۇنيالارغا قانداق ئىگە بولۇش ھەققىدە كۆپ كاللا قاتۇرۇپتۇ. ئاخىرى بىر ئەقىل تېپىپ، ھېلىقى خەتتاتقا دادىسىنىڭ يازمىسى بويىچە بىر ۋەسىيەتنامە يازدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئاشۇ ساختا ۋەسىيەتنامىگە تۆۋەندىكىلەر يېزىلغان ئىكەن:



www.uyghurkitap.com



—ھۆرمەتلىك جامائەت، قەدىرلىك ئوغۇللىرىم، مەن پات يېقىندا يورۇق دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىپ، باقىي ئالەمگە كېتىدىغاندەك قىلىمەن. مەن كۆز يۇمغاندىن كېيىن مال - دۇنيارىمنىڭ ھەقىقىي ئىگىسىگە تەۋە بولۇشى ئۈچۈن، بۇ ۋەسىيەتنامىنى يېزىپ قالدۇردۇم. مال - دۇنيالىرىمنىڭ ھەممىسى تۇنجى ۋە بىردىنبىر ئوغلۇم قاسىمغا مەنسۇپ. ئوغلۇم ئاسىم مېنىڭ ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالا ئەمەس، ئۇ مېنىڭ ئاسراندى ئوغلۇم. مەن ئۇنى بېقىپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇپ قويدۇم، ئۇنىڭ بۇ مال - دۇنيالاردا ھەققى يوق.

بىر كۈنى قاسىم مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئاقساقال بىلەن ئاسىمنى ئۆيىگە چاقىرتىپ:

—ئۇكام، ئەمدى ساڭا دېمىسەك بولمىدى. دادام ئۆز قولى بىلەن يېزىپ قالدۇرغان بىر ۋەسىيەتنامە چىقىپ قالدى. قالغىنىغا مۇشۇ ئاقساقاللار گۇۋاھ، — دەپ ھېلىقى ۋەسىيەتنامىنى ئوقۇپتۇ. قاسىم ئاقساقاللارنىڭ گېلىنى ياغلىۋەتكەن بولغاچقا، ئۇلار قاسىمنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىپتۇ. ئاسىم ۋەسىيەتنامىگە بىر قاراپلا ئۇنىڭ يالغان ۋەسىيەتنامە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بولسىمۇ، ئەلھۆكمىلىللا دېيىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

—ھۆرمەتلىك جامائەت، قەدىرلىك ئاكا، دادامنىڭ ۋەسىيەتنامىسىگە مەنمۇ ئەمەل قىلىمەن. دادامدىن قالغان مال - دۇنيالارنىڭ ھەممىسى ئاكامغا مەنسۇپ. ئاكام بىلەن بىر ئۆيدە چوڭ بولغانلىقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىر ئىشنى تەلەپ قىلىمەن، — ئاسىم شۇنداق دەپ ئاكىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپتۇ.



—خوش، نېمە تەلەپتى ئۇ؟ — دېيىشىپتۇ ئاقساقاللار يوغان تاۋاقتا ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن پاقلان گۆشىنى مەززە

قىلىپ چاپىناپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ يەنە قانداق تەلىپى باردۇ دېگەندەك قا-
سىمنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كېتىپتۇ.

— باشقا گەپ ئەمەس، ئاكام ماڭا دادامنىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى بارلىق كىتابلارنى بەرگەن بولسا، شەھەر سىرتىدىن بىر ئېغىز ئۆي ئېلىپ بەرسە، ئاشۇ كىتابلارنى ئېلىپ كۆچۈپ كەتسەم.

قاسىم ئاسىمنىڭ بۇ تەلىپىنى ناھايىتى تېزلا ئورۇنداپتۇ. قاسىم ئاسىمغا شەھەر ئەتراپىدىكى نامراتلار مەھەللىسىدىن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئېلىپ بېرىپتۇ. ئاسىم كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئەكىلىپ، بۇ ئۆيگە رەتلەپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۈندۈزى ھامماللىق قىلسا، كېچىسى يېرىم كېچىلەرگىچە كىتاب ئوقۇتۇ. ئاسىم كىچىكىدىن تارتىپ تېبابەتكە قىزىققاچقا، تېبابەتكە ئائىت كىتابلارنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى مەخپىي رېتسېپلارنىڭ سىرىنى يېشىش ئۈچۈن ئىزدىنىپتۇ. مەدىكارلىق قىلىپ تاپقان پۇلىغا دورا ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىپ، تۈرلۈك دورىلارنى ياساپ، ئۆزى ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى نامراتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاپتۇ. كۆپلىگەن ساقايماس كېسەللەر ئۇنىڭ قولى بىلەن ساقىيىشقا باشلاپتۇ. ئەمدى ئۇ ھامماللىقنى تاشلاپ، ئاشۇ نامراتلارنىڭ كېسىلىنى داۋالاشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر خىزمىتى قىپتۇ. نامراتلار نېمە يېسە ئۇمۇ شۇنى يەپتۇ. ئاي، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزلىرىنى كېسەل ئازابىدىن قۇتقۇزۇۋالغان ئاسىمنى ھەممىلا ئادەم ھۆرمەتلەيدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ نامى پۈتۈن شەھەرگە تارقىلىشقا باشلاپتۇ. شەھەردە بىكار يەپ سەمرىپ، تۈرلۈك ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغان باي، غوجىلار ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ داۋالىنىدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ ساقايماس كېسەللىرىنى ئاسىم ساقايتىۋەتكەچكە، پۇل - پو-



چەكلىرىنى ئۇنىڭدىن ئايىماپتۇ. ئۇنى نامراتلار مەھەللىسىدىن كۆچۈرۈپ كېتىپ، شەھەرنىڭ كىندىكىدىن كاتتا ئايۋان - سارايلارنى ئېلىپ بېرىمىز دېگەن بولسىمۇ، ئاسىم ئۆزى كۆنۈپ قالغان ئاشۇ مەھەللىدىن، مېھرى ئىسسىق نامراتلاردىن ئايرىلماپتۇ. ئۇ نامراتلارنى ھەقسىز داۋالاشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپتۇ. باي، غوجىلاردىن ئايىماي پۇل ئاپتۇ. ئۇنىڭ نامى يىراق - يىراقلارغا تارقاپ كەتكەچكە، باشقا شەھەرلەردىن داۋالانغىلى كېلىدىغانلارمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپتۇ. ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىغا يىراق - يېقىندىن داۋالانغىلى كەلگەنلەر ئۆچەرەت بولۇپ كېتىدىغان بوپتۇ... پۇل - بايلىق ئۇنىڭ ئىشىك، تۈڭلۈك، دېرىزىلىرىدىن كىرىشكە باشلاپتۇ.

قاسىم ئۆزىنىڭ ئاسىم دەپ بىر ئىنىسىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتۇ. دادىسىدىن قالغان مال - دۇنيانىڭ ھەممىسىگە ئۆزى ئىگە بولۇۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ھېچقانداق ئىش - ئوقەت قىلماي، بىكار يەپ، ئويناپ - كۈلۈپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ئاسىم ئىسمىنى دادىسىنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتىۋەتكەن بولغاچقا، ئالىم تېۋىپ دېگەن نامى ھەممە يەرگە پۇر كېتىپتۇ.

ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇش قاسىمنىڭ مال - دۇنياسىنى قۇرۇتۇپلا قالماي، ئۇنى ئاخىرى كېسەل قىپتۇ. ئۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، خوتۇنلىرى ئۇنىڭ مال - دۇنياسىنى ئوغۇرلاپ ھەر تەرەپكە قېچىپتۇ، قاسىمغا قۇرۇق ئۆيلا قاپتۇ. ئۇمۇ ئالىم دېگەن تېۋىپنىڭ شان - شۆھرىتىنى جىق ئاڭلىغاچقا، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ داۋالىناقچى بوپتۇ. ئۇ ئالىم تېۋىپنىڭ ئىشىك ئالدىدا نەچچە كۈن ئۆچىرەت تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەن



چاغدا، ئالدىدا تۇرغان كىشىنىڭ باشقا بىرسى ئەمەس دەل ئۆزى ئەستىن چىقىرىۋەتكەن ئىنىسى ئاسىم ئىكەنلىكىنى تونۇپتۇ. ئاسىممۇ قاسىمنى تونۇپتۇ، ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كېتىپتۇ، بولۇپمۇ قاسىم ھازا ئاچقاندەك ھۆكۈرەپ يىغلاپتۇ. ئۆزىنىڭ قىلغان ئەسكىلىك، ساختىلىقلىرىنى پۇشايمان بىلەن تىلغا ئاپتۇ.

ئاسىم قاسىمنى داۋالاپ ساقايتىپ، ئۆزى يېڭىدىن سالدۇرغان ئايۋان - سارايغا كۆچۈرۈپ كەپتۇ. چۈنكى، قاسىمنىڭ ئۆيىنى خوتۇنلىرى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇن سېتىۋەتكەن بولغاچقا، ئۆيىنى سېتىۋالغۇچىلار ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ.

ئاسىم كېسەل داۋالاپ تاپقان پۇلىغا دادىسىدىن قالغان ئۆيلەرنى يۇقىرى باھادا سېتىۋاپتۇ. ئۇ ئاشۇ ھويلىغا چىرايلىق بىر بىنا سېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى تۈرلۈك كىتابلار بىلەن تولدۇرۇپ، ھەقسىز كۇتۇپخانىغا ئايلاندۇرۇپتۇ. ئۇ ئاكىسىغا مۇنداق دەپتۇ:

— ئاكا، بۇ دۇنيادا كىتاب ۋە بىلىمنىڭ خاسىيىتىدەك ئۇلۇغ خاسىيەت يوق.



uyghurkitap.com





# مۆكىمۆكىلەك

ئىككى قوشنا مەھەللىنىڭ بىرىدە ئۆچكە، بۇغا، ئات، كالا قاتارلىق تۆت ئاياغلىقلار، يەنە بىرىدە بۈركۈت، لاچىن، سا، سېغىزخان قاتارلىق قۇشلار ياشايدىكەن. ئىككى مەھەللىدىكىلەر بىر - بىرىگە ئانچە ئارىلاشمايدىكەن. ئۇلار بىكار بولغان چاغلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ مەھەللىسىدە مۆكىمۆكىلەك ئوينايدىكەن.

ئاشۇ ئىككى مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاچالدا بىر دېھقاننىڭ ئۆيى بار ئىكەن. دېھقاننىڭ 4 — 5 مېكيىنى ۋە بىر توم تاجلىق خورىزى بار ئىكەن.

يېقىندىن بېرى خورازنىڭ بەكمۇ ئىچى پۇشۇپتۇ. چۈنكى، مېكيانلارنىڭ ھەممىسى كۇرۇك بولۇپ قېلىپ، ئۇۋىسىغا كىرىپ نەچچە سائەتكىچە تۇخۇم بېسىپ يېتىۋالىدىكەن. شۇڭا ئۇ باشقا مەھەللىگە بېرىپ ئويناپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىقىپتۇ.



خوراز ئالدى بىلەن تۆت ئاياغلىقلار بار مەھەللىگە كەپتۇ. ئۇ مەھەللىگە كىرىشتىن بۇرۇن مەھەللىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى دۆڭگە چىقىپ مەھەللىنى كۆزىتىپتۇ. مەھەللىدىكى موزاي، ئوغلاق، پاقلان، تايچاق قاتارلىقلار مۆكىمۆ-

كىلەڭ ئويناۋاتقانىكەن. ئۇلارنىڭ ئويۇنى خورازنى ناھايىتى قىزىقتۇرۇپتۇ.

باشتا تايچاق بىلەن موزاي مۆكۈش ئۈچۈن تەييارلىنىپتۇ. ئوغلاق بىلەن پاقلان كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇپتۇ. موزاي بىلەن تايچاق ئانچە يىراق بولمىغان يەردىكى خاماننىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەپ قويۇلغان ساماننىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغاندىن كېيىن، تايچاق «بولدى!» دەپ كىشنەپ قويۇپ، بېشىنى سامان ئىچىگە تىقىۋاپتۇ. تايچاقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئوغلاق بىلەن پاقلان كۆزلىرىنى ئېچىپ ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ، موزاي بىلەن تايچاقنى ئىزدەپتۇ. ئۇلار ناھايىتى چاققانلىق بىلەن تايچاقلارنى مۆككەن يېرىدىن تېپىۋاپتۇ، ھەر ئىككى تەرەپ خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ. ئەمدى موزاي بىلەن تايچاق كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپتۇ. ئوغلاق بىلەن پاقلان مۆكۈپتۇ ... بايىقى ھالەت يەنە داۋاملىشىپتۇ. خوراز بۇ قىزىقارلىق مۆكۈمۆكىلەڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن سوزۇپ چىللىمۋېتىپتۇ. ئۇنىڭمۇ مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينىغۇسى كەپتۇ-دە، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم دوستلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينىسام بولامدۇ؟

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، خۇش كەپسىز مېھمان، بىزغۇ سىزدەك ئەدەپلىك دوستنى ياخشى كۆرىمىز، بىراق سىز قاناتلىق ئىكەنسىز، بىز قاناتلىقلار بىلەن مۆكۈمۆكىلەڭ ئوينىمايمىز. سىز ئۇچۇپ بىرەر دەرەخنىڭ كاۋىكىغا كىرىۋالسىڭىز بىز سىزنى نەدىن تاپىمىز؟ — تايچاق ئەدەپ بىلەن سۆزلەپتۇ.



— مېنىڭ قانىتىم بولغان بىلەن ئۇچالمايمەن...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



دەپتۇ خوراز نېمىگىدۇر خىجىل بولغاندەك. — قانات دېگەن ئۇچۇر-
دىغان نەرسە بولماي نېمە ئۇ؟ سىز بىزنى ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ دەي-
دىكەنسىز - دە. — مىجەزى قوپال موزاي شۇنداق دەپتۇ.

خوراز ئۇلارغا ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ موزايلار ئۇنى قانارغا قوش-
ماپتۇ، خوراز قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ناھايىتى تىت - تىت - بوپ-
تۇ، شۇ چاغدا كۆڭلى يۇمشاق پاقلان:

— خوراز ئاكا، كۆردىڭىزمۇ ئاۋۇ ئورمانلىقنى، ئۇ قاناتلىقلار
ئۆرمىنى، سىزمۇ قاناتلىق بولغاندىن كېيىن ئاشۇلارنىڭ يېنىغا بار-
سىڭىز بولمامدۇ، — دەپتۇ.

خوراز پاقلان كۆرسەتكەن ئورمانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ. خوراز
قاناتلىقلار مەھەللىسىنىڭ يېنىدىكى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، بۇ
مەھەللىدىكىلەرنىڭمۇ مۆكىمۆكىلەك ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. زې-
رىكىپ كەتكەن خوراز بۇ يەردىكى مۆكىمۆكىلەكنى كۆرۈپ تېخىمۇ
ئولتۇرالماي قاپتۇ. شۇڭا ئۇ قاناتلىقلار بىر يەرگە يىغىلغان ۋاقتىنى
پايدىلىنىپ ئۇلارغا سالام قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە مۆكى-
مۆكىلەك ئوينىسا بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

بۈركۈت خورازغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ھەم ئۇنى مەسخىرە
قىلغاندەك مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي خورازجان، سەن قانداق قىلىپ كاتەكتىن چىقىپ قال-
غانسەن؟ سەن تېخى بىز بىلەن مۆكىمۆكىلەك ئوينىماقچىمۇ؟ بۇ تۆت
مېكىياننى ئەگەشتۈرۈپ پوخورلۇق قىلىدىغان ئىش ئەمەس،
سەن قوش بولغىنىڭ بىلەن ئۇچالمايدىغان تورساڭ، بىز بىر
سائەتتە بارغان يەرگە سەن ئون سائەتتىمۇ بارالمايسەن، ئەھ-
ۋالىڭ شۇنداق تۇرۇپ يەنە بىز بىلەن...



بۈركۈتنىڭ گەپلىرى خورازنىڭ غۇرۇرىغا تېگىپتۇ. خوراز ناھايىتى ئاچچىقلانغان بولسىمۇ، بىراق بۈركۈتنىڭ ئېيتقانلىرى ئەمەلىيەت بولغاچقا، ئاچچىق چىللىغاندىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماپتۇ، شۇڭا ئۇ ئالدى - كەينىگە قارىماي مەھەللىسىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

بىراق، بۈركۈتنىڭ مەسخىرىلىك گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپتۇ، ئۇخلىسا چۈشىدىن چىقماپتۇ...— خوراز قېلىن بىر ئورمانلىق ئىچىدە ئېزىپ قاپتۇدەك، ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئورمانلىقتىن چىقىپ كېتەلمەپتۇ. ئورمانلىقتىن ئاڭلىنىۋاتقان قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئۇنى قورقۇتۇپ جېنىنى ئاپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا تەقى - تۇرقى بۈركۈتكە ئوخشايدىغان ناھايىتى يوغان بىر قۇش ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ مۇنداق دەۋاتقۇدەك:

—— ھەي خورازجان، سەن مېنى تونۇماسلىقىڭ مۇمكىن، مەن قۇشلار دۆلىتىنىڭ پادىشاھى. ئەسلى سەنمۇ بىزنىڭ دۆلەتكە تەۋە ئىدىڭ. سېنىڭ ئەجدادلىرىڭنى ئوۋچىلار تۇتۇپ كېتىپ، قاناتلىرىنى بوغۇپ، كاتەككە ئۆگەتكەندىن بۇيان سىلەر قۇشلارغا خاس ئالاھىدىلىكىڭلارنى يوقىتىپ، ئەسكى تامدىنمۇ ئاتلىيالمايدىغان بولۇپ نۇپ قالغانلىقىڭلار. بۇنىڭغا يەنە ئۆزۈڭلارنىڭ ھورۇنلۇقى، تەييار دانغا كۆنۈپ قالغانلىقىڭلار سەۋەب بولغان. شۇڭا سىلەر سەمرىپ، قاناتلىرىڭلار قېتىپ، كاتەكتىن چىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭلار. ئەسلى سىلەر مۇشۇ ئورمانلىقنىڭ سەھەرچى سىگنالچىسى ئىدىڭلار، مەن سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارغا ئېچىنىمەن...



خورازنىڭ تاڭ سەھەردە كۆرگەن بۇ چۈشى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇڭا ئۇ يەنە سوزۇپ - سوزۇپ چىللىۋېتىپتۇ. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ خوراز دېھقان بەرگەن تەييار

دانىسىمۇ يېمەي، يىراقتىكى دالا ـ قىرلارغا بېرىپ قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئۆزى تۇتۇپ يەيدىغان بوپتۇ. توختىماي يۈگۈرۈپ ئۆزىدىكى ھورۇنلۇق ۋە سېمىزلىكنى تۈگىتىپتۇ. قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇشقا كۆندۈرمەكچى بوپتۇ.

ئۇ باشتا ئۇچۇپ باقماقچى بولۇپ، ئېگىز دۆڭگە چىقىۋېلىپ ئۆ-زىنى پەسكە ئېتىپتۇ. بىراق، قاناتلىرى پەقەت قولاشماي يەرگە بېشى-چىلاپ چۈشۈپ، جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قاپتۇ. لېكىن، ئۇ مەشىق قىلىشنى پەقەت توختاتماپتۇ. خورازنىڭ توختىماي مەشىق قىلىشى بىلەن ئۇنىڭ قېتىپ كەتكەن قاناتلىرى يۇمشاپ ئاستا ـ ئاستا ئۇچۇشقا ماسلىشىپتۇ. ئاخىرى خوراز بۈركۈتتەك رەسمىي پەرۋاز قىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قاناتلىقلار مەھەللىسىدىكىلەر ئۇنى ئارىغا ئاپتۇ. خورازمۇ ئۇلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام مۆكىمۆكىلەڭ ئوينايدىغان بوپتۇ.





# قارلىق



—ئەجەب ياخشى قار ياغدى، بەك چىرايلىق قار ياغدى!

تونۇگۈندىن بېرى يېغىۋاتقان قار ھەممە يەرنى ئاپئاق تۇسكە كىرگۈزگەچكە، تىيىنلار ناھايىتى خۇشال بوپتۇ. ئۇلار دەرەخ ئۈستىدىن قار ئۈستىگە سەكرەپ خۇشاللىقىنى نامايان قىلىشىپتۇ. بۇ تۇنجى قار بولغاچقا، تىيىنلارنىڭ قارنى كۆرمىگىنىگىمۇ ئۇزۇن بولغانىكەن. تىيىنلار قاردىن ئۆزلىرىگە ئامەت كېلىدىغاندەك بەك خۇش بولۇپ كېتىپتۇ.

ئانا تىيىن باللىرىنىڭ قار ئۈستىدە بىر - بىرىگە قار ئېتىشىپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپتۇ.

— باللىرىم، بۇ تۇنجى قار، تۇنجى قار خاسىيەتلىك بولىدۇ. بۇلتۇر تۇنجى قار ياغقاندا قوشنىمىز مايمۇن ھەدەڭلار بىزگە قارلىق تاشلاپ، بىز ئۇلارغا ئويۇن قىلىپ بەرگەنىدۇق. بۈگۈن بىز ئۇلارغا قارلىق تاشلايلى. تەلىيىمىزگە بۈگۈن خېلىلا سەھەر ئۇرنىمىزدىن تۇرۇپتۇق. مەن بايا سىلەر ئويناۋاتقاندا قارلىقنامىنى يېزىپ تەييار قىلىپ قويدۇم، سىلەر ئاڭلاپ

بىقىڭلار. —ئانا تىيىن شۇنداق دەپ قارلىقنامىنى ئوقۇپتۇ:

ياغدى بۈگۈن ئۇنجى قار،
خۇشال بولدۇق، شادلاندۇق.
دوست دەپ بىلگەچ بىز سىزنى،
سىز تەرەپكە ئاتلاندۇق.
ئەگەر ئۇتۇۋالسىڭىز،
جازالايسىز سىز بىزنى.
ئەگەر ئۇتالمىسىڭىز،
قۇتلۇقلايمىز بىز سىزنى...

ئانا تىيىن قارلىقنامىنى ھاياجان بىلەن ئوقۇغاندىن كېيىن، بالىلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ، كەنجىسى قارا ئۇمشۇققا قاراپتۇ.

—بالام، سەن ھەممىدىن بەك يۈگۈرەيسەن، بۇنى مايمۇن ھەدەڭنىڭ قولىغا ئۇتقۇزۇپ قويۇپ تېز قېچىپ كەلگىن، ھەرگىز ئۇتتۇلۇپ قالغۇچى بولما، ئەگەر ئۇتتۇلمىساڭ ئۇلار بىزنى ئويىنىتىدۇ.

ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىغان قارا ئۇمشۇق تىپىرلاپ تۇرالماي قاپتۇ-دە، ئاپىسىنىڭ قولىدىكى قارلىقنامىنى ئېلىپ مايمۇنلارنىڭ ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. تىيىن مايمۇنلارنىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە ئانا مايمۇن قار تازىلاۋاتقان، بالىلىرى تېخى قوپمىغانىكەن. بۇ يىلقى ئۇنجى قار بەك قېلىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېچىكىپ ياغقان بولغاچقا، ئانا مايمۇن بۇ قارنىڭ ئۇنجى قار ئىكەنلىكىنى پەقەت ئېسىگە ئالماپتۇ. شۇڭا قارا ئۇمشۇقنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ. قارا ئۇمشۇقمۇ قىسقىلا قىلىپ



ئەھۋال سوراپ قويۇپتۇ ـ دە، «ئاپام ماۋۇنى سىزگە بەرگەنتى» دەپ قارلىقنامىنى ئانا مايمۇننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپلا قېچىپتۇ. ئانا مايمۇن شۇ چاغدىلا قارا تۇمشۇقنىڭ ئۆزىگە قارلىق تاشلىغانلىقىنى بىلىپ كەينىدىن قوغلىماقچى بولغان بولسىمۇ، قارا تۇمشۇقنىڭ خېلى يىراققا ئۇزاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ قارلىقنامىنى ئوقۇپتۇ. ئۇ قارلارنى تازىلاپ بولۇپ بالىلىرىنى ئويغىتىپتۇ:

—قوپۇڭلار، قوپۇڭلار، بۈگۈن قار يېغىپتۇ. خەقنىڭ بالىلىرى بىزگە قارلىق تاشلاپ قېچىپ كەتكىلى نە ۋاق. ئەمدى بىز تىيىنلارغا ئويۇن قىلىپ بەرمىسەك بولمايدۇ.

ئاپىسى ئويغاتماستىن بۇرۇنلا ئويغىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، قوپقۇسى كەلمەي ياتقان بالىلار ئويۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپتۇ.

ئانا مايمۇن ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى تەييارلاشقا باشلاپتۇ. مايمۇن بالىلىرى تىيىنلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ. شۇ كۈنى مايمۇنلار تىيىنلارنى مېھمان قىپتۇ. ئانا مايمۇنمۇ خۇشاللىقىدىن سۆزلەپ كېتىپتۇ:

— تۇۋا، شۇنىڭغا قارىغاندا قېرىغان ئوخشايمەن جۇمۇ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يىل ئەجەب قار ياغمايۋاتىدۇ. قار ياغقان بولسا قارلىق ئويۇنى ئوينىغان بولساق ياخشى بولاتتى دەپ يۈرگەنىدىم. بۈگۈن ياغقان قارنىڭ تۇنجى قار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تاڭ سەھەردە قارا تۇمشۇق ھويلىغا كىرگەندە قار تازىلاپ تۇرۇپمۇ ئېسىمگە ئالماپتىمەن.



قارلىق تاشلاش دوستلۇق، ئىناقلىقنىڭ، كۆڭۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېقىنلىقىنىڭ بەلگىسى بولغاچقا، ئانا مايمۇن ئۇچۇن تىيىنلارنى مېھمان قىلىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك تۇيۇلۇپتۇ. تىيىنلار قورساقلىرىنى توقلىغاندىن كېيىن، مايمۇنلار ئۇلارنى ئىشىك ئالدىغا باشلاپ چىقىپتۇ. بۇ چاغدا قار توختىغان بولۇپ، سۈزۈك ئاسماندا قۇياش پارلاپ تۇراتتى. قار يۈزى قۇياش نۇرىدىن ھەسەن - ھۈسەندەك جۇلا قىلاتتى. تاغ ھاۋاسى تېخىمۇ ساپلىشىپ كەتكەن بولۇپ، موللاقچى تاغ قۇشلىرى پەرۋاز قىلىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ياڭراق ناۋالىرى كىشىگە گۈزەل بالىلىقنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىنى ئاتا قىلاتتى. ئانا مايمۇن بىلەن ئانا تىيىن بىر چەتتە بالىلىرىنىڭ ئويۇنىغا قاراپ تۇراتتى. مايمۇنلار بىلەن تىيىنلار مامۇقتەك ئاپئاق قار ئۈستىدە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناۋاتاتتى. ئۇلار بىردەم موللاق ئاتسا، بىردەم قار پومىلاپ بىر - بىرىگە ئاتاتتى، بىردەم قارنى پومىلاپ بىر - بىرىنىڭ بويۇن ۋە قولاقلىرىغا تىقىۋېتەتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، قار بوۋايدىن بىرنى بىردەمدىلا ياساپ بوپتۇ. قار بوۋاي ھەقىقەتەنمۇ بىر ئوۋچى بوۋايغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار قار بوۋاينىڭ قولىغا ئوۋ مىلتىقىنى تۇتقۇزۇپ قويغانىدى. شۇ چاغدا بالىلىرىنىڭ ئويۇنلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان ئانا مايمۇن بىلەن ئانا تىيىن ئەنسىز ۋارقىرىۋېتىپتۇ. ئانىلىرىنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغىنىدىن ھەيران قالغان بالىلار نېمە بولدى دېگەندەك ئۇلارغا قاراپتۇ. ئانا مايمۇن ئۇلارغا ۋارقىراپتۇ:

— ھەي، سىلەر نېمە ياساپ قويدۇڭلار، ئۇ دەل سىلەرنىڭ داداڭلارنى ئېتىۋەتكەن ئوۋچىغۇ!

— سىلەرنىڭ داداڭلارنىمۇ ئاشۇ ئۆلتۈرگەن، نېمە دەپ ئۇنى ياسىدىڭلار، — دەپتۇ ئانا تىيىنمۇ يىغلاپ تۇرۇپ.—



قاراڭلار، قاراڭلار، ئۇ تىرىلىپتۇ، مېڭىۋاتىدۇ.

بالىلار قورققىنىدىن ئۆزلىرى ياسىغان قار بوۋايغا قاراپتۇ. ئۇ راستىنلا ئۇۋ مىلتىقىنى ئۇلارغا تەڭلىگىنىچە قارنى غىرسىلىتىپ دەسسەپ مېڭىۋاتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ بىلىپ - بىلمەي بۇنداق قورقۇنچلۇق مەخلۇقنى ياساپ قويغانلىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان مايمۇن بالىلىرى بىلەن تېيىن بالىلىرى جىمجىت تۇرۇپ قاپتۇ.

قار بوۋاي مۇنداق دەپتۇ:

—ھا، ھا، ھا، قورقماڭلار، سىلەر تېخى كىچىك، مەن سىلەرنىڭ ئاپاڭلارنى ئاتىمەن، سىلەرنى يەنە بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئاتسام بولىدۇ. ھا، ھا، ھا...

قار بوۋاي ئاسمانغا قارىتىپ بىرنەچچە پاي ئوق چىقىرىپتۇ. بۇ ئاۋازدىن ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلار ئاچچىق ئۈنلىگىنىچە قاياققىدۇر غايىب بوپتۇ. مىلتىقتىن چىققان قارا ئىس بارغانسېرى كېڭىيىپ، سۈزۈك ئاسماننى، قۇياش نۇرىنى توسۇۋاپتۇ. مىلتىق دورىسىدىن چىققان سېسىق پۇراق ھەممە يەرنى قاپلاپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا قارا تۈمشۇق قار بوۋاينىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ. تۇيۇقسىز زەربىدىن قار بوۋاي يەرگە يىقىلىپتۇ. قالغانلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ قار بوۋاينى دەسسەپ - چەيلەپ ئەسلىدىكى قار ھالىتىگە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ - دە، خۇشال بولۇپ چۇرقىرىشىپتۇ.



# ئاكا - ئۇكا مايمۇنلار



بۇرۇنقى زاماندا گۈزەل ئورمانلىقتا بىر مايمۇننىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، چوڭىنىڭ ئىسمى قارا قۇيرۇق، كىچىكىنىڭ ئىسمى ئاق قۇيرۇق ئىكەن. بۇ ئاكا - ئۇكا مايمۇنلار بىر - بىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىكەن، بىر - بىرىنى بىردەم كۆرمىسە چىدىمايدىكەن. بىراق، بىللە بولغان چاغلىرىدا ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن جېدەل چىقىرىپ، ئاپىسىنى خاتىرجەم قىلمايدىكەن.

—ئاپا، ئاكام قۇيرۇقۇمنى تارتىۋاتىدۇ.

—ئاپا، ئۇكام مېنى تىللاۋاتىدۇ.

—ئاپا، ئاكام ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ مېنى مازاق قىلىۋاتىدۇ.

—ئاپا، ئاكام يىراققا بېرىپ ئوينايمەن دەۋاتىدۇ.

—ئاپا، ئۇكام ماڭا ئەگىشىۋاتىدۇ.

ئاكا - ئۇكا مايمۇنلارنىڭ بۇنداق ئەرز ۋە شىكايەتلىرى پەقەت تۈگىمەيدىكەن. بەزى چاغلاردا بىر - بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ كېتىدىكەن، ئۇلار بىللە بولسا بىر مىنۇتمۇ ئىناق ئۆتمەيدىكەن، بولۇپمۇ ئۇكىسى ئاكىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئۇششۇق، يىغلاڭغۇ ئىكەن. ئانا مايمۇنمۇ



كىچىكنىڭ گېپىنى راست قىلىپ، چوڭىنى بېسىپ بېرىدىغان بولغاچقا، ئۇ تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى قارا قۇيرۇق ئورمانلىقتىن تۆت تال ياڭاق ئەكىلىپ، ئۇنىڭ ئىككىسىنى ئۇكىسىغا بېرىپتۇ، بىراق ئۇكىسى بۇنىڭغا رازى بولماي، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىغلاپ ئاپىسىغا دات ئېيتىپتۇ.

—ئاپا، ئاكام ماڭا ياڭاق بەرمەيۋاتىدۇ، ھى، ھى، ھى ...

ئاق قۇيرۇقنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان مايمۇن ئانا يۈگۈرۈپ چىقىپ چوڭىنى ئەدەپلەپ كېتىپتۇ:

— ئۆزەڭنىڭ ئۇكىسى بولغاندىكىن بىرەر تال بېرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟

— بىر تال ئەمەس ئىككى تال بەردىم، ئۇ مەندىكى ئىككى تال ياڭاقنىڭ بىرىنى يەنە ماڭا بەر دەپ تورۇۋېلىپ بارىدۇ، — قارا قۇيرۇق خاپا بولۇپ غودۇراپتۇ.

—بەرگىنە بالام، سەن ئورمانلىقتا يەپ كەلگەنسەن ھەقىچان، — مايمۇن ئانا قارا قۇيرۇقنى بەزلەپ يۈرۈپ ياڭاقنىڭ يەنە بىرىنىمۇ ئاق قۇيرۇققا ئېلىپ بېرىپتۇ. قارا قۇيرۇق ئەسلى ئورمانلىقنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئاران ئاشۇ تۆت تال ياڭاقنى تېپىپ، ئۇكام بىلەن بىللە يەيلى دەپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئاچچىقىدا قولىدىكى ئاخىرقى بىر تال ياڭاقنى يېمەكچى بولۇپ چاققانىكەن پوچەك چىقىپتۇ. ئۇكىسى يەنە يۈگۈرۈپ كېلىپ «ئەكىلە، ماڭا مېغىزدىن بىر تال بەر» دەپ جېدەل قىپتۇ، ئاكىسى ياڭاقنىڭ پوچەك چىققانلىقىنى ئېيتسىمۇ «سەن ماڭا بەرمەي يەپ بوپسەن» دەپ ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ يىغلاپتۇ. «ئۇكام، مەن ساڭا بىر تال ئەمەس، ئۈچ تال ياڭاق بەردىمغۇ» دېسىمۇ ئۇ يەنە ئاپىسىغا چېقىشتۇرۇپتۇ.



—ئاپا، ئاكام ياڭىقىنى چېقىپ يەپ، ماڭا مېغىزىدىن بىر تالمۇ بەرمىدى.

—بالام، سەن نېمانچە كۆيۈمسىز بولۇپ كەتكەنسەن، ئۇكاڭنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ قويۇپ يېگەن ياڭاق مېغىزى قانداقمۇ گېلىڭدىن ئۆتكەندۇ؟

—ئاپا، بۇ ياڭاق پۇچەك چىقتى، ئۆزۈممۇ بىر تال مېغىز يېمىگەن تۇرسام، ئۇنىڭدىن سوراپ باقە، ئۇ مېنىڭ مېغىز يېگەنلىكىمنى كۆرۈپتىمۇ؟ —قارا قۇيرۇق يىغلامسىراپ شۇنداق دەپتۇ.

—بالام، ئاكاڭنىڭ ياڭىقى پۇچەك چىقىپ قاپتۇ، سەن ئۇ مېغىز يېگەن چاغدا بارمىدىڭ؟ — مايمۇن ئانا ئاق قۇيرۇقنى بەزلەپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ.

—ھەئە، مەن بارتىم، ئۇ ماڭا دام-دام قىلىپ تۇرۇپ يەۋەتتى. — ئاق قۇيرۇق يەنە ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قولىدىكى ياڭاقلار يەرگە چۈشۈپ دومىلاپ كېتىپتۇ، ئاكىسى ياڭاقتىن بىرنى ئېلىپ بايا ياڭاق چاققان تاش بىلەن چېقىپ ئۇكىسىغا بېرىپتۇ.

—يىغلىما ئۇكام، ماۋۇ ياڭىقىڭنى چېقىپ بەردىم، يېگىن، مە...

ئاكىسىنىڭ «ياڭىقىڭنى چېقىپ بەردىم» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇكىسى ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، يەردىكى ئىككى ياڭاقنى قولىغا ئېلىپ:

—مېنىڭ يەنە بىر ياڭىقىم قېنى؟ — دەپ پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، ئۇششۇقلۇق بىلەن يەنە يىغلاشقا باشلاپتۇ.— ئاپا! ئاكام مېنىڭ چاقماي ئوينايدىغان ياڭىقىمنى چېقىۋېتىپتۇ، تۆلەپ بەرسۇن! تۆلەپ بەرسۇن!! ھى، ھى، ھى...



مايمۇن ئانا يەنە قارا قۇيرۇقنى ئەيىبلەپ، دۈشكەلەپ

كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى ئاچچىقى كەلگەن قارا قۇيرۇق ئۆيدىن
چىقىپ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ دەرەختىن - دەرەخكە
سەكرەپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ يىراققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي
قاپتۇ. ئۇ ئورمانلىقلاردىن ئۆتۈپ بىر شاپتۇللۇققا كەپتۇ، مەي بولۇپ
پىشقان شاپتۇللار بىلەن قورسىقىنى تويغۇزۇپ، قېرى شاپتۇل دەرى-
خىنىڭ ئۈستىدە پۇتىنى ئالماپ بەخىرامان ئۇخلاپتۇ. بىر چاغدا ئۇ
چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كۈچلۈك بوران چىقىۋاتقاچقا، ئۇ دەرەخ-
تىن چۈشۈپ قېرى شاپتۇل دەرىخىنى دالدا قىلىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ.
گۈركىرەپ چىقىۋاتقان بوران ئورمانلىقتا قورقۇنچلۇق ئاۋازلارنى پەيدا
قىلىپ، قارا قۇيرۇقنى بەكمۇ قورقۇتۇۋېتىپتۇ. بوراننىڭ گۈركىرەش-
لىرى تۈرۈپ بوۋاقنىڭ قىقىراپ يىغلىشىغا ئوخشىسا، تۈرۈپ چۆجە
خورازنىڭ چىللىشىغا ئوخشايدىكەن. تۈرۈپ ئاياللارنىڭ قىقاس - چۇ-
قانلىرىدەك سادالارنى ئېلىپ كەلسە، تۈرۈپ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ چۇ-
قانلىرىغا ئوخشاپ قالىدىكەن. بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، پۈتۈن
ئورمانلىقنى سۈپۈرۈپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن نەرە سېپتۇ. ھې-
لىمۇ ياخشى قېرى شاپتۇل دەرىخى بولۇپ قاپتىكەن، بولمىسا قارا
قۇيرۇقمۇ بوران بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كەتكەن بولاتتىكەن. ئورمانلىق
گۈگۈم پەردىسىگە ئورالغان چاغدا بورانمۇ ئاستا - ئاستا پەسلەپ توخ-
تاپ قاپتۇ. قارا قۇيرۇق ئەمدى تېزرەك ئۆيگە كېتىۋالاي دەپ دەرەخ-
تىن - دەرەخكە ئاتلاپ شۇنچە تېز يۈگۈرگەن بولسىمۇ ئۆيىنى تاپال-
ماپتۇ. ئەكسىچە ئۇ بۇرۇن بىرەر قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىغان
جىغانلىق، ياۋا جىگدىلىكلەرگە كىرىپ قاپتۇ. قاراڭغۇ
چۈشكەنسېرى ئۇ تېخىمۇ قورقۇپ ئۆيىنى تېپىۋېلىش ئۈ-
چۈن تىپىرلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆيىنى پەقەت تاپالماپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەمدى ئۇ ئادەمنىڭ قۇچقى يەتمەيدىغان تاغ تېرەكلىرى بار يەرگە كېلىپ قاپتۇ. بايىقى بوراننىڭ تەسىرىدىنمىكىن، ئورمانلىق سوغۇق بولۇپ قارا قۇيرۇقنى ئەندىكتۈرۈۋېتىپتۇ. شۇڭا ئۇ تاغ تېرىكىنىڭ كاۋىكىغا كىرىپ ئۇخلاشقا مەجبۇر بوپتۇ...

ئانىسى بىلەن ئۇكىسى ئۇنىڭ قايتىپ كەلمىگەنلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئورمانلىقتىن ئىزدەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئورمانلىقتا قارا قۇيرۇقنى توۋلىغان ئاۋازى ئورمانلىقنىڭ كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپتۇ...

قارا قۇيرۇق تېرەكنىڭ كاۋىكىدا ئۇخلىماقچى بولغان بولسىمۇ پەقەت ئۇخلىيالماپتۇ. يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، يېقىنلا يەردىن ئاڭلىنىۋاتقان ھۇۋقۇشنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئۇنى تېخىمۇ قورقىتىۋېتىپتۇ. قارا قۇيرۇق ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئاۋازلارنى ئاڭلىماسلىققا تىرىشسىمۇ، ئۇ ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىپ، قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا ياڭراۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن ئاپىسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ باشتا قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتۇ، بىراق ئاۋاز بارغانسېرى كۆچەيگەچكە، ئۇ ئاۋازنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرەخ كاۋىكىدىن چىقىپ ۋارقىراپتۇ:

—ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن ماۋۇ يەردە.

بۇ چاغدا ئانىسى بىلەن ئۇكىسى يېقىنلا يەرگە كېلىپ قالغانىكەن. ئۇلار قارا قۇيرۇقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ھۆڭرەپ يىغلاشقىنىچە بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپتۇ. ئۇكىسىمۇ ئاكىسىنى جېنىم ئاكا، تاتلىق ئاكا دەپ سۆيۈپ كېتىپتۇ.



ئەنە شۇ ئىشتىن كېيىن ئاكا - ئۇكا مايمۇنلار بىر - بىرىگە بەك ئامراق بولۇپ كېتىپتۇ. بىر - بىرىدىن بىر نەرسە تالاشمايدىغان، ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن جېدەللەشمەيدىغان بوپتۇ. باشقىلارمۇ ئۇلارنى ئىناق ئاكا - ئۇكىلار دەپ ماختايدىغان بوپتۇ.





# بۆرە بىلەن تۈلكىنىڭ دوستلۇقى



تۈلكە بىلەن بۆرە يەنە
بوپتۇ دوست ـ ئاداش،
دەپتۇ تېخى بىللە يەيلى
تاپساق نان ۋە ئاش.
بۆرە دەپتۇ: «بىلگىن دوستۇم
مەن قەيسەر، باتۇر،
ئىزدەپ كۆرسەڭ مەندەك قابىل
ھېچ يەردە يوقتۇر.
مەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتسەڭ
غەم يوق ساڭىمۇ،
ئانچە ـ مۇنچە يار ـ يۆلەكسەن
گاھى ماڭىمۇ».
شۇ گەپ بىلەن بۆرە سوزۇپ
ھۇۋلاپ قويۇپتۇ،
چىشلىرىنى سەت ھىڭگايتىپ



قاراپ قويۇپتۇ.
ئەسلى تۈلكە بىلىدىكەن
بۆرە پەيلىنى،
شۇنداقتىمۇ بىلىندۇرمەي
مەقسەت، مەيلىنى.
«ماقۇل، مەنمۇ سىزدەك دوستتىن
پەخىرلىنىمەن،
سىزنىڭ خىسلەتلىرىڭىزنى
ئوبدان بىلىمەن.
مەن سىزچىلىك ئۇنچە باتۇر
بولمىساممۇ گەر،
مەنمۇ بەزى ئىشلاردا
ئەقىللىق، چېۋەر.
سىزدەك باتۇر دوستۇم بولسا
قورقماي يۈرۈيمەن،
ئەمدى ماڭا چېقىلالماس
ھەرقانداق دۈشمەن».
بۆرە خۇشال بوپتۇ تۈلكە
گېپىنى ئاڭلاپ،
يەنە بىردەم ۋاتىلداپتۇ
تۈلكىنى داڭلاپ.
«تەرىپىڭنى كۆپ ئاڭلىغان
مەنمۇ سېنىڭكى،
قىيامەتلىك دوستۇم بولدۇڭ

ئەمدى مېنىڭكى.
ئۇۋچىلىقتا مەنمۇ سەندەك
ماھىر ۋە ئۇستا.
ئوغرىلىقتا كىرسەڭ تۇراي
بىر چەتتە پوستا».
شۇندىن كېيىن ئۇلار بىللە
ئوۋغا چىقىپتۇ.
بىر - بىرىنى ئىززەت قىلىپ
خۇشال ئۆتۈپتۇ.
ھەممە ئىشنى بىللە قىلىپ
بىللە تۇرۇپ يەڭ،
نېمە تاپسا بىللە يەپتۇ
بۆلۈپ ئۇنى تەڭ.
لېكىن، بۆرە ئۇزۇن ئۆتمەي
قاپتۇ ئۆزگىرىپ.
ئاغرىقمەن دەپ يېتىۋاپتۇ
ئۆيگە كىرىپ.
ئەمدى تۈلكە ئۆزى يالغۇز
ئوۋغا چىقىپتۇ.
بۆرىگىمۇ نېمە تاپسا
شۇنى بېرىپتۇ.
بۆرە تەييار تاماقنى يەپ
غەمسىز يېتىپتۇ،
تۈلكە ئېلىپ كەلگەن ئاشتىن



لەززەت تېپىپتۇ.
ئەمدى بۆرە تۈلكىنى ھېچ
كۆزىگە ئىلماي،
تىنچ ياتماي كوتۇلداشقا
باشلاپتۇ تىنماي.
«ئاش – تاماقنىڭ نوچىسىنى
يەۋېلىپ ئۆزۈڭ،
ئاشقىنىنى ماڭا بېرىپ
ئۆتمەكتە كۈنۈڭ.
مەن ئالدىڭدا بولۇپ قالدىم
يۇمشاقباش، بوزەك.
مەن ئورۇقلاپ سەن بوپ كەتتىڭ
ئۆزۈڭچە بودەك».
بۆرە شۇنداق كۆتۈرگەچكە
بىكاردىن غوۋغا.
ئۇلار يەنە بىللە بولۇپ
چىقىپتۇ ئوۋغا.
دەپتۇ بۆرە: «ئەمدى قوغۇن
ئوغرىلايلىچۇ،
قوغۇننى يەپ ئۇسسۇزلۇققا
بىر قانايلىچۇ.
قوغۇنلۇققا ئۆزۈڭ كىرگىن
مەن تۇراي پوستا،
ئەسلى بىزمۇ شۇنداق ۋەدە

قىلىشقان باشتا».

ئۇشۇق - تۆشۈك گەپ قىلالماي

تۆلكە بۇ گەپكە،

ئاستا - ئاستا يول ئاپتۇ ئۇ

چۆنەك تەرەپكە.

بەخىرامان ئولتۇرۇۋېلىپ

بۆرە بىر چەتتە،

تۆلكىجاننى قويماق بوپتۇ

چوڭ پالاكەتكە.

«تۆلكە قاچقىن!» بۆرە شۇ چاغ

قاتتىق توۋلاپتۇ،

قوغۇنچىمۇ بۇنى ئاڭلاپ

ئويغىنىپ قاپتۇ.

قوغۇنچىنىڭ ئىتلىرىمۇ

تۆلكىنى تالاپ،

ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىلىپ كەپتۇ

چەكسىز بىر ئازاب.

يارىلىنىپ مۇشەققەتتە

كەلگەندە تۆلكە،

نېمىشقىكىن بۆرىنى بەك

قىستاپتۇ كۈلكە.

«قوغۇنچىنى كۆرۈپ مۆكۈپ

ياتمىدىڭغۇ سەن،

قاچقىن دېسەم ئەجەب دەرھال



قاچمىدىڭغۇ سەن.
ۋاي ئۇلارغا تۇتۇلغىلى
تاس قالدىم مەنمۇ،
قوغۇن تۇرماق شاپاقمۇ يوق
ئاچ قالدىم مەنمۇ».
لېكىن، تۈلكە ئۇشۇق - تۆشۈك
قىلالماپتۇ گەپ،
دەپتۇ: ماڭا بۇ بۆرىدىن
كەلمەيدىكەن نەپ.
بۆرۆنقى ئىش يەنە شۇنداق
داۋاملىشىپتۇ،
تۈلكە ئىشلەپ بۆرە كۈندە
ئوڭدا يېتىپتۇ.
يېتىۋېرىپ زېرىككەچكە
بۆرە بىر كۈنى،
يەنە ئىشقا سالماق بوپتۇ
دوستى تۈلكىنى.
«ھەي تۈلكىجان ئېيتسام ساڭا
رەھمىتىم تولا.
سەندەك دوستتىن يەنە بىرنى
تاپماق تەس ماڭا.
سەن بولغاچقا بەخىرامان
ياشاۋاتىمەن،
كۈندە كەكلىك، قىرغاۋۇلنى



www.uyghurkitap.com



كۆپ يەۋاتىمەن.
بىراق ئۇنى يۇغداپ يېيىش
ئەجەب جاپاكەن،
تېۋىپ دەيدۇ ماڭا بېلىق
گۆشى شىپاكەن.
شۇنىڭ ئۈچۈن بېلىق
تۇتۇپ بەرگىنە ماڭا،
بېلىق تۇتۇش ئانچە تەسمۇ
كەلمەيدۇ ساڭا».
ئەگەر تۈلكە ئۆز ۋاقتىدا
تۇتمىسا بېلىق،
بۆرە چوقۇم چىقىراتتى
يېڭى بىر قىلىق.
شۇڭا تۈلكە كۆپ ئايلىنىپ
ئۆستەڭ بويىنى،
سۇغا تاشلاپ ئولتۇرۇپتۇ
قارماق، تورىنى.
بىر تال بېلىق تۇتالماپتۇ
قانچە قىلسىمۇ،
يىغلىغاندەك چىقار بوپتۇ
ئەمدى كۈلسىمۇ.
بۆرىمۇ بەك چۈشىنىشىپتۇ
بېلىق يېيەلمەي،
غۇتۇلداپتۇ گەپلىرىنى



ئېنىق دېيەلمەي.
تۈلكە يەنە يۈرگەن ئىكەن
ئۆستەڭ بويىدا.
بۆرە ئۈچۈن بىرەر بېلىق
تۇتۇش كويىدا.
تاش ئۈستىدە كۆرۈپتۇ ئۇ
يوغان بىر بېلىق.
پاھ، بۇ ئىشمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن
تۇيۇلۇپ قىزىق.
ئۇنى مەززە قىلىپ تازا
يېمەكچى بوپتۇ.
قورسىقىنى تويغۇزۇپ شاد
كۈلمەكچى بوپتۇ.
«بىراق بېلىق نېمە قىلار
بۇ قورۇق تاشتا.
بۇ بىر دەسمى شوم بۆرىنى
ئالداپ، بابلاشتا».
شۇنداق ئويلاپ تۈلكە دەرھال
ئۆيگە چېپىپتۇ،
ئۇخلاۋاتقان بۆرىنى ئۇ
تېز ئويغىتىپتۇ.
«قوپقىن ساڭا تۇتۇپ قويدۇم
يوغان بىر بېلىق.
كۆتۈرمەك بەك تەسكەن ئۇنى



بولغاچقا سىلىق.
ئۆزۈڭ بېرىپ ئۇ بېلىقنى
يەۋالغىن تويۇپ،
سۆڭەكلىرىنى چايناپ پۇركۇپ
كۆزىنى ئويۇپ».
بۇنى ئاڭلاپ بۆرە دەرھال
قوپۇپتۇ سەكرەپ،
ئەمدى ئۇنىڭ قولىقىغا
كىرمەي باشقا گەپ.
يوقاتقاچقا خۇدىنى ئۇ
چېپىپتۇ دەرھال.
بېلىق تامان ئۆزىنى ئۇ
ئېتىپتۇ دەرھال.
بېلىقنى ئۇ يېمەي تۇرۇپ
چۈشۈپتۇ قاپقانغا،
تۈلكە بۇنى كۆرۈپ دەپتۇ
«يەتتىڭ ئارمانغا».
بۆرە دەپتۇ: «ئويلاشمىدىم
نېمە دەپ باشتا،
بالاسى يوق بېلىق نېمە
قىلار بۇ تاشتا».





# قارلىغاچ بىلەن گۈلزىبا




گۈلزىبا مەكتەپتىن كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، مومىسىنىڭ ئۆيگە چىقىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ سۇ سېپەتتى، ئىشىك ئالدىدىكى كۆكتاتلىقتىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلاتتى. مومىسىنىڭ يىڭنىسىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، ئوچاققا ئوت قالاپ چاي قاينىتىپ بېرەتتى.

گۈلزىبا بۇ يىل باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆتىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. ئۇ دەرسلەردە ئەلاچى، ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق ئىدى. ئۇ ھەممىلا نەرسىگە قىزىقاتتى. كېپىنەكلەرگە، يىڭناغۇچلارغا، ھەسەل ھەرىلىرىگە، كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن تۈرلۈك قۇشلارغا بەكمۇ ھەۋەس قىلاتتى. بولۇپمۇ «تەبىئەت» دەرسى ئوقۇتقۇچىسى «قۇشلار بىزنىڭ دوستىمىز»



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېگەن دەرسنى ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قۇشلارغا بەكمۇ ھەۋەس قىلىدى-غان بولدى. بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇروپ سايراشلىرى، قارىغۇجىنىڭ باشقا قۇشلارنى دوراپ سايراشلىرى، كەپتەرلەرنىڭ ئوماق بوقۇلداشلى-رى، كاككۇكنىڭ ئورمان ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ مۇڭلۇق سايراشلىرى، يوغان سۆگەتنىڭ ئۈستىگە توپلىنىشقان ئاق قۇشقاچلارنىڭ توختى-ماي ۋىچىرلاشلىرى ئۇنى تولىمۇ جەلپ قىلاتتى. بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى گۈلزىبا مۇمىسىنىڭ پېشايۋىنىغا ئۇۋا سېلىۋاتقان قارلىغاچقا بەك قىزىقىپ قالدى. قارلىغاچ لايىنى بىر چىشلەم بىر چىشلەمدىن ئەكىلىپ ئۇۋا سالىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلزىبا مەكتەپتىن كېلىپ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ بولۇپلا، قارلىغاچنىڭ ئۇۋا سېلىشىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالىدىغان بولدى.

مانا ئەمدى قارلىغاچمۇ ئۆيىنى پۈتتۈردى. قارلىغاچلار بەزىدە پەيدا بولۇپ، بەزىدە يوقاپ كېتەتتى. ئارىلىقتىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇۋىدا ئىككى قارلىغاچ بالىسى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەمدى گۈلزىبا ئۇلارغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالدى. ئىككى قارلىغاچ بالىسى ئۇۋىسىدىن باشلىرىنى چىقىرىپ چىرىلدايتتى، ئانىسى دان ئېلىپ كەلگەن چېغىدا خۇشاللىقىدىن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى، بويۇنلىرىمۇ سوزۇلۇپ ئۇزىراپ كەتكەندەك بولاتتى. ئانا قارلىغاچ ئۇلار ئۈچۈن توختىماي دان توشۇيتتى. ئانا قارلىغاچنىڭ ئەجرى بىلەن ئۇلار كۈندىن - كۈنگە يوغىنىماقتا ئىدى...

بىر كۈنى گۈلزىبا قارلىغاچ بالىلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. قارلىغاچ بالىلىرىنىڭ قانات، قۇيرۇقلى-رى يېتىلىپ، تەقى - تۇرقى ئانا قارلىغاچقا ئوخشاپلا قال-غانىدى. گۈلزىبا شۇ چاغدا ئۇۋىدا پەقەت بىرلا قارلىغاچ با-



لىسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ يەنە بىر قارلىغاچ بالىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ يەنە بىر قارلىغاچ بالىسى نەگە كەتكەندۇ دەپ ئويلاۋاتقاندا، بىرسى ئۇنى چاقىردى.

—گۈلزىبا، ھەي گۈلزىبا!

بۇ ئاۋاز گۈلزىبانىڭ تۆت ياشلىق ئىنىسى ئەلقۇتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتەتتى، شۇڭا ئۇ ئۇكام كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ ئەتراپقا قارىدى، ھويلىدا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. گۈلزىبانىڭ مومىسىمۇ تويغا كەتكەن بولۇپ ئۆيدە ئادەم يوق ئىدى، شۇڭا گۈلزىبا قۇلىقىمغا شۇنداق ئاڭلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى.

—گۈلزىبا، گۈلزىبا!

ئاۋاز بايىقىدىن چىڭراق ئاڭلاندى. ئاۋاز ھەقىقەتەن ئەلقۇتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى، بىراق ئەلقۇت گۈلزىبانىڭ ئىسمىنى تولۇق ئالالماي «ھەدە!» دەپ توۋلايتتى.

—ھەي گۈلزىبا، سىزگە گەپ قىلىۋاتقان مانا مەن — قارلىغاچ بالىسى.

گۈلزىبا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ پېشايۋاننىڭ نەقىشلىق ياغىچىغا قونۇۋالغان قارلىغاچ بالىسىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە ھاڭۋېقىپ قاراپلا قالدى.

—سىزگە گەپ قىلسام نېمە دەپ ئاڭلىمايسىز؟

—مەن ...، — گۈلزىبا نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سىلەر قارلىغاچلارمۇ سۆزلىيەلەمسىلەر؟



—شۇنداق، بىزمۇ سۆزلىيەلەيمىز، بىراق سىلەر بىزنىڭ گېپىمىزنى چۈشەنمەيسىلەر.

www.uyghurkitap.com



—ئەمسە مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەنغۇ؟— ئەمدى گۈلزىبا بىرئاز ئېسىگە كەلگەندى.

—مەن سىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ تىلى بىلەن سۆزلىشىۋاتىمەن، —قارلىغاچ مەغرۇرلانغان هالدا قانىتىنى قېقىپ قويدى.

—سىز بىزچە سۆزلەشنى قانداق ئۆگەندىڭىز؟

—مومىڭىز بىلەن سىزدىن ئۆگەندىم.

—مەنمۇ قارلىغاچچە سۆزلەشنى ئۆگىنەلەمدىمەن؟

—بىز بىلەن هەقىقىي دوست بولسىڭىز ئۆگىنەلەيسىز.

—سىز بىلەن دوست بولۇشنى بەكمۇ خالايمەن، — دېدى گۈلزىبا خۇشاللىق بىلەن.

—سىزگە دەيدىغان يەنە بىر گەپ، — دېدى قارلىغاچ چۈچۈك ئاۋازى بىلەن. — سىز چوقۇم مېنىڭ سىلەرچە گەپ قىلالايدىغانلىقىمنى هېچكىمگە دېمەڭ، هەتتا ئاتا-ئانىڭىز ۋە مومىڭىزغىمۇ دېمەڭ، ئەگەر دەپ قويسىڭىز مەن مەڭگۈ سىلەرچە گەپ قىلالمايمەن، سىزمۇ بىزچە سۆزلەشنى ئۆگىنەلمەيسىز. ئەگەر گېپىمگە كىرسىڭىز مەن سىز بىلەن دوست بولىمەن.

گۈلزىبانىڭمۇ قارلىغاچ بىلەن يېقىن دوست بولغۇسى بولغاچقا، قارلىغاچنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش قىلىدىغانلىقى هەققىدە ئۇنىڭغا ۋەدە بەردى. ئۇلار بىرلىكتە دوستلۇق ناخشىسىنى ئېيتتى.

دوست، دوست، چىمەن دوست.
دوست بولايلى ئىككىمىز.
دوستلۇق قاتسۇن دوستلۇققا،
قىلغان هەربىر ئىشىمىز.



دوست، دوست، چىمەن دوست،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
تەڭ خۇش بولۇپ، تەڭ يىغلاپ،
ئىناق، ئىجىل ئۆتەيلى.
دوست، دوست، چىمەن دوست،
بىللە ئۇيناپ يايرايلى.
گۈلباغلاردا، مەكتەپتە،
خۇشال كۈلۈپ سايرايلى.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن قارلىغاچ بىلەن گۈلزىبا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالدى. گۈلزىبا مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولۇپ، قارلىغاچ بىلەن تۈرلۈك قىزىقارلىق پاراڭلارنى قىلىشاتتى. گۈلزىبا قارلىغاچقا ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئۆگەنگەن دەرسلىرى ۋە ئۇ يەردىكى قىزىقارلىق ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى. قارلىغاچمۇ گۈلزىباغا قارلىغاچلار ئارىسىدىكى ۋە ھاشاراتلار توغرۇلۇق قىسقا-قىسقا ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مەكتەپكە باردى. گۈلزىبا مەكتەپ يولىدا ساۋاقداشلىرى بىلەن كېتىۋاتقاندا ئاسماندىن «گۈلزىبا! گۈلزىبا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. گۈلزىبا ئاسمانغا قاراپ قارلىغاچنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىدىلا ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قارلىغاچقا «قاچان كەلدىڭىز؟» دېمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى بالىلارنىڭ ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، باشقا گەپ قىلماي قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويدى. قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ بېشىدىن ئىككى



ئايلىنىپ «مەن بىردەم تۇرۇپ كېلىمەن» دەپ قويۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. باشقا بالىلار «قارلىغاچ! قارلىغاچ!» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىشتى.

يەنە بىر كۈنى چۈشتىن بۇرۇن گۈلزىبا سىنىپتا دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرسا، قارلىغاچ سىنىپنىڭ دېرىزىسىدىن كىردى. دەرس ئاڭلاۋاتقان بالىلارنىڭ دىققىتى چېچىلىپ «قارلىغاچ، قارلىغاچ!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا قارلىغاچ «گۈلزىبا، گۈلزىبا! تېز بولۇڭ، مومىڭىز ئاغرىپ قالدى!» دەپ ۋىچىرلىغاندىن كېيىن، يەنە دېرىزىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان گۈلزىبا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «نەگە بارىسىز؟» دېگەن گېپىنىمۇ ئاڭلىماي، ئىشىكتىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى.

گۈلزىبا يۈگۈرۈپ ئۆيىگە كەلگەندە، مومىسى پېشايۋاننىڭ پەلەمپىيىدە خۇدىنى يوقىتىپ خارتىلدىغىنىچە ياتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ گۈلزىبا قورقۇپ كېتىپ دادىسى بىلەن ئاپىسىنى چاقىردى. ئۇلار مومايىنى تېز دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ قۇتقۇزۇۋالدى. ئەگەر قارلىغاچ خەۋەر قىلمىغان بولسا مومايىنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن خەتەرلىك ئىكەنتۇق. قارلىغاچ گۈلزىباغا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ناھايىتى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلدى.

يازلىق تەتىلدە قارلىغاچ بىلەن گۈلزىبانىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى، قىلىشىدىغان پاراڭلىرى تېخىمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەنىدى.



گۈلزىبا تەتىللىك تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، قارلىغاچ بىلەن بىللە ئورمانلىقلارنى، ئېتىزلىقلارنى ئايلىناتتى. قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ بېشى ئۈستىدىلا ئۇچۇپ، ئۇنىڭغا قىزىقارلىق قوشاقلارنى ئوقۇپ بېرەتتى. گۈلزىبامۇ

مەكتەپتە ئۆگەنگەن ناخشىلىرىنى قارلىغاچقا ئېيتىپ بېرەتتى.

بىر كۈنى گۈلزىبا قارلىغاچتىن:

— قارلىغاچ دوستۇم، مومام ماڭا قارلىغاچقا قول تەگكۈزمەڭلار، قارلىغاچقا قول تەگكۈزسەڭلار قولۇڭلار تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، دەيدۇ، بۇ گەپ راستمۇ؟ — دەپ سورىدى.

قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ بۇ سوئالىغا دەماللىققا جاۋاب بەرمەي، ۋىچىرلاپ سايرىۋەتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— مومىڭىزنىڭ گېپىمۇ توغرا، بىراق قولىڭىز بىزگە مۇنداقلا تېگىپ كەتكەنگە قولىڭىز تىترەيدىغان بولۇپ قالىدىغان ئىش يوق، ئەگەر كىم بىزگە يامان نىيەت بىلەن قول تەگكۈزسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

يازلىق تەتىلمۇ تۈگەپ، گۈلزىبالار يەنە ئېغىر بوغچىلىرىنى كۆتۈرۈپ مەكتەپكە مېڭىشتى. قارلىغاچ بىلەن گۈلزىبانىڭ بىللە ئوينايدىغان چاغلىرى بارغانسېرى ئازايماقتا ئىدى. سارغايغان يوپۇرماقلار بىردىن، ئىككىدىن يەرگە چۈشۈپ كۈز كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. جەنۇبقا قايتىدىغان قۇشلار جىددىي سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىغانىدى. دېمەك، گۈلزىبا بىلەن قارلىغاچنىڭ ئايرىلىدىغان كۈنلىرى يېقىنلاشقانىدى. ئۇلار بىر - بىردىن قانداقمۇ ئايرىلارمىز دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گۈلزىبا چۈشلۈك دەم ئېلىشتىن كېيىن مەكتەپكە كېتىۋاتسا، قارلىغاچ ئۇچۇپ كېلىپ گۈلزىبانىڭ مۈرىسىگە قوندى.



— گۈلزىبا، سىزگە دەيدىغان مۇھىم بىر گەپ چىقىپ قالدى، مېنى تونۇدىڭىزمۇ؟

— نېمە دەيدىغانسىز، مەن سىزنى تونۇمىسام، قانداق...

گۈلزىبا قارلىغاچقا سىنچىلاپ قاراپ، بۇ قارلىغاچنىڭ ئۆزى بىلەن دوست بولغان قارلىغاچقا ئانچە ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئاۋازىنىڭمۇ باشقىچە چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ:

—سىز... سەل ئوخشىمايسىزغۇ... — دېدى.

—مەن سىز بىلەن دوست بولغان قارلىغاچنىڭ ئانىسى. ئۇ مومىڭىزنىڭ كۆكتاتلىقىدا يارىلىنىپ قالدى، تېز بېرىپ ياردەم قىلغان بولسىڭىز، — ئانا قارلىغاچ شۇنداق دەپلا ئۇچۇپ كەتتى. گۈلزىبا بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مومىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

گۈلزىبا قارلىغاچنى مومىسىنىڭ ھويلىسىدىكى كىچىككىنە كۆكتاتلىقتىن تاپتى، قارلىغاچ ئېھتىياتسىزلىقتىن قانىتىنى سۇندۇرۇۋالغانىكەن. ئۇ گۈلزىبانى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتى. ئانا قارلىغاچمۇ ئۇنىڭ بېشىدا تىت - تىت بولۇپ تۇراتتى.

—قارىمامسىز، بىز يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن جەنۇبقا ماڭماقچى ئىدۇق، بۇ بالىنىڭ ئەھۋالى بۇ تۇرسا، قانداقمۇ قىلارمىز؟ گۈلزىبا، مەن ئىككىڭلارنىڭ يېقىن دوست ئىكەنلىكىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن، ئەگەر بىز ماڭغىچە قارلىغاچ ساقىيالمىسا، ئۇنى سىزگە تاشلاپ كېتىمىز، بولامدۇ؟

گۈلزىبا ئانا قارلىغاچنىڭ سوئالىغا ئويلانمايلا تېز جاۋاب بېرىۋەتتى:



—ئەلۋەتتە بولىدۇ، ئۇ كەتمىسە ماڭىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلسام قانداق قىلارمەن دەپ تۇراتتىم.

ئانا قارلىغاچلار سەپەرگە ئاتلانغىچىمۇ قارلىغاچ ياخشى

بولالمىدى، شۇڭا ئۇنى گۈلزىباغا تاپشۇرۇپ قويۇپ يولغا چىقتى. دېمىسىمۇ كەچكۈزنىڭ سوغۇق شامىلى ئۇلارغا تېزرەك يولغا چىقمىسا بولمايدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى.

ئانا قارلىغاچ كەتكەندىن كېيىن گۈلزىبا قارلىغاچنى ئۆيگە ئەكىرىۋالدى. گۈلزىبا دادىسىغا دەپ قارلىغاچ ئۈچۈن كىچىك ئەينەكلىك ئۆي ياسىتىپ بەردى. ئۇ ھەر كۈنى قارلىغاچ ياخشى كۆرىدىغان قۇرت - قوڭغۇز، چېكەتكىلەرنى تۇتۇپ ئەكىلىپ، قارلىغاچنىڭ قورسىقىنى ياخشى باقتى. قارلىغاچنىڭ قانىتى ياخشى بولغىچە سىرتنى ئاپئاق قار قاپلىغانىدى. قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ ئىسسىق ئۆيىدە ناھايىتى خاتىرجەم ياشىدى. گۈلزىبا قارلىغاچنى زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ ئۆزى مەكتەپكە كەتكەن چاغدا، ئۇنى رەڭگارەڭ گۈللىرى بار ئىللىق ئۆيىگە ئەكىرىپ قوياتتى. قارلىغاچ تەشتەكتە ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى.

قارلىغاچ تۇرۇپ - تۇرۇپلا دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قوياتتى. تالادىكى ئاپئاق قار ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئۇ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يىراققا كېتىشىنى ئەنە ئاشۇ قاردىن كۆرگەچكە، قارنى ئىچىدە تىللايتتى. باھارنىڭ تېزرەك يېتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى.



گۈلزىبا قارلىغاچنى غېرىبسىنىپ قالمىسۇن دەپ، ۋاقتى چىقسىلا ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ، قارلىغاچ ئۈچۈن تىنىمسىز خىزمەت قىلاتتى. قارلىغاچ گۈلزىبانىڭ دوستلۇقىدىن ناھايىتى تەسىرلىنىپ، نەچچە قېتىم مۇڭلۇق ۋىچىرلاپ يىغلاپ كەتتى...

ئاخىرى زىمىستان قىش ئۆتۈپ، گۈركىرەپ باھار شا-

مىلى چىقىشقا باشلىدى. بالىلار تورلۇك شەكىللىك لەگلەكلەرنى ئۇچۇرۇشتى، گۈلزىبا بالىلار بىلەن لەگلەكلەرگە قاراۋېتىپ، ئاسماندا بىر توپ قارلىغاچنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى.

«قارلىغاچ!» گۈلزىبا ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ قارلىغاچنى تالاغا ئېلىپ چىقتى. قىشچە ئۆيدە بورۇقتۇم بولۇپ كەتكەن قارلىغاچ تالادىكى باھار شامىلىدىن ھوزۇرلىنىپ نەپەس ئالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شادلىق ئىلكىدە يايرىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئۆرلەپ ئۇچقۇسى، توختىماي پەرۋاز قىلغۇسى كېلىپ، ۋىچىرلىغىنىچە كۆككە كۆتۈرۈلدى...





# بۆجەن، چاشقان، چۈجە



تاغ ئارىسىدىكى بۇ ئورمانلىقتا بوران گۈركىرەيتتى. دەرەخلەرنىڭ قاراسلاپ سۇنغىنى، قېرى قارىغايلارنىڭ بوراننىڭ زەربىسىدە ئىڭىلىغان چاغدىكى غاراسلاشلىرى، گۈمۈرۈلگەن تاشلارنىڭ تاغ چوققىسىدىن تۆۋەنگە قاراپ چۈشۈۋاتقان چاغدىكى تاراقلاشلىرى، تۈرلۈك قۇش ۋە جانۋارلارنىڭ بوراندىن ھۈركۈپ پالاقلاشلىرى كىشىگە تولىمۇ سىرلىق ۋە سېھىرلىك تۇيۇلاتتى.

ئاتا-ئانىسىدىن سورىماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغان بۆجەن، چاشقان، چۈجىلەر قېرى قارىغاينىڭ دالدىسىدا ئۇچرىشىپتۇ. قېرى قارىغاينىڭ دالدىسىدا تۇرغاندا بوران ئۇلارغا دەخلى يەتكۈزەلمەيتتى. ئۇلار بۇرۇن بىر-بىرىنى ئانچە-مۇنچە كۆرگەن بولسىمۇ ئارىلىشىپ باقمىغانكەن. ئۇلار بىر-بىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسىمۇ،



بۇ گۈنكىدەك ئالاھىدە ئەھۋالدا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن خۇش بولۇشۇپتۇ. چۈنكى، بۇنداق قورقۇنچلۇق چاغدا يالغۇز قالغاندىن ھەرھالدا ھەمراھىنىڭ بولغىنى ياخشىدە. ئۇلار قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترەۋاتقان بولسىمۇ، قورقمايدىغاندەك سىياقتا كىرىۋاپتۇ. شۇنچىلا سۇس سالاملىشىپ قويۇپلا پەرۋاسىز تۇرۇشۇپتۇ. كۆپ ئۆتمەي ئورمانلىقنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ. بوران توختاپ قالغان بولسىمۇ، بوراندىن كېيىنكى جىمجىتلىق ئۇلارنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋېتىپتۇ.

سۆزلىمىسە تۇرالمايدىغان چۆجە ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپتۇ:

—سىلەر بۇ تاغ ئارىسىغا ئويىنغىلى كەلگەنمىدىڭلار؟

ئەسلى ئۇلار تاغ ئارىسىغا ئويىنغىلى كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئويۇن قېپى ئىكەنلىكىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن يالغان سۆزلەپتۇ. چۆجىنىڭ سوئالىغا ئالدى بىلەن بۆجەن جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئويۇن ئوينايدىغانغا نەدە ۋاقىت، مەن مۇھىم بىر ئىش بىلەن كەلگەنىدىم. بىر بۆرە ھە دېسىلا بىزنىڭ مەھەللىگە بېرىۋېلىپ ئارامىمىزنى قويمىدى. ئۇنىڭدىن ئاپامىمۇ، دادامىمۇ، ئاكا - ھەدىلىرىممۇ قورقىدىكەن. بۆرە دېگەن يارىماس ئۇلارنى بوزەك قىلىپ ئۆگىنىپ قالغانىكەن. بۇگۈن ئەتىگەن بىزنىڭ مەھەللىدە يەنە يوغان بىر كۆك بۆرە پەيدا بولۇپ قالدى، قارىسام ئاتا - ئانام ئۇنى كۆرۈپ خۇش كەپلا غوجام، سىلىگە نېمە لازىم بولۇپ قالدى غوجام دەپ خۇشامەت قىلىۋاتىدۇ. ھېلىقى بۆرە ئاتا - ئانامنى كۆزگە ئىلمىدىغاندەك ئەمەس، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاقمۇ سالماي، قۇيرۇقىنى ئاسمانغا قىلىپ سەت ھوۋلاپ، شۆلگىيىنى ئېقىتىپ «قورۇق گەپلىرىڭنى قوي، قېنى بۇگۈن قايسىڭنى يەيمەن؟ تېزرەك بىر قارارغا كېلىش. بولمىسا ھەممىڭنى بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن!» دەپ ھۆر-



كىرەۋاتىدۇ. دادام بىچارە « بۆرە غوجام، يېگىنلىرى بولسا مانا مېنى يېسىلە، خوتۇن - بالىلىرىمغا چېقىلمىسىلا» دەۋاتىدۇ. قارىسام ئۇ بۆرىنىڭ دادامنى خامتالاش قىلىپ يېگۈسى بار. مەن يوقىرىقى ئىش-لارنى دەرەخنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ كۆرۈۋاتاتتىم. ئارىلىقتا نەچچە قېتىم ئاچچىقىم كېلىپ غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان بول-ساممۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالغانىدىم. ئەمدى يەنە يوشۇرۇنۇپ ياتسام، ئۇ دا-دامنى يەۋېتەتتى، شۇڭا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىقتىم.

— هەي قانخور بۆرە، سەن نېمە دەپ بىزنى يېگۈدەكسەن؟ بىلىپ قوي، بىزمۇ سېنىڭ گۆشۈڭنى يەپ مەززە قىلىشنى بىلىمىز! — مەن شۇنداق دەپ غەزەپ بىلەن تۇرغان چېغىمدا، بۆرە خۇددى مېنى كۆزگە ئىلمىغاندەك سەت ھىجىراپ قويۇپ مەن تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاچچىقىم نەدىن كەلدى، بىر نەرە تارتىپ، پەشۋا بىلەن ئۇنىڭ ئېڭە-كىگە بىرنى تېپىپتىكەنمەن، ئۇ ۋاي - ۋايلىغىنىچە دومىلاپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە مەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىۋېدى، ئىككى قۇلە-قىنى جۈپلەپ تۇتۇپ قورسىقىغا بىرنەچچىنى تىزلاپتىكەنمەن «ۋاي جېنىم ئاكا، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە» دېگىنىچە تۇردى، بوپتۇ دەپ ئېچىم ئاغرىپ قويۇپ بېرىپتىمەن. قارىسام، ئۇ ماڭا يەنە ئېتىلە-ۋاتىدۇ. ئەمدى ئۇنى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتەي دەپ ئامبۇردەك سول قولۇم بىلەن كارنىيىنى قاماللاپ، ئوڭ قولۇم بىلەن قۇيرۇقىغا شۇنداق مۇشتلاپتىمەنكى، بۇرۇنلىرىدىن ئۆزۈم چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ قولۇمدىن بوشىنىۋېلىپ، مۇشۇ تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنى قوغلاپ كەلگەنىدىم. ئەگەر بوران چىقىپ قالمىغان بولسا ئۇنىڭ جېنىنى ئالاتتىم. بوران ئۇنىڭ جې-نىنى قۇتقۇزۇپ قالدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇجەن ئۆزىنىڭ بۇ يالغان ھېكايىسىنى قانداق توقۇۋەتكەنلىكىنگە ئۆزىمۇ ھەيران قىلىپ، مەيدىسىنى كېرىپ قولىقىنى دىڭگايتىپتۇ.

— مەنمۇ شۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلگەن، — دەپتۇ چاشقان بايىقى قورقۇنچىتىن تېخىچە تىترەۋاتقان بولسىمۇ چاندۇرماستىن، — دادام 40 قا يېقىن مۈشۈكنى باغلاپ بېقىۋاتاتتى، ئەسلى بىز مۈشۈكلەرنى بورداپ سەمرىتىپ يېمەكچى ئىدۇق. سىلەر بىلمەسلىكىڭلار مۇمكىن، مۈشۈك گۆشى بەك تەملىك، يېيىشلىك بولىدۇ، بىز دائىم مۈشۈك گۆشى يەپ تۇرمىساق ئاجىزلاپ كېسەل بولۇپ قالىمىز. بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيىمىز[illegible]مام قارىغۇ چاشقان خېنىم بىرنەچچە بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ مېھمان بولۇپ كەپتىكەن. دادام ئۇلارغا بورداپ بېقىۋاتقان مۈشۈكنىڭ ئەڭ سېمىزىنى سويۇپ بەرمەكچى بولغانىدى. بىراق ئۇ مۈشۈك تۇيۇقسىزلا باغلاقتىن بوشىنىپ، دادامنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ تالىغىلى تۇردى. دەل شۇ چاغدا مەن كېلىپ مۈشۈكنى يامپاشقا ئېلىپ شۇنداق ئېتىپتىمەنكى، بىچارە جانىۋار مىياڭلاپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈگۈن ئۆلىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاچقا، ئورنىدىن تۇرۇپ مۇشۇ تاغ تەرەپكە قاچتى. مەن ئۇنى قوغلاپ كېلىپ مۇشۇ يەردە يىتتۈرۈپ قويدۇم... — چاشقان ئۆزىنىڭ يالغان گېپىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ ۋىچىرلاپ كېتىپتۇ.

چۈجە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئىشىنىپمۇ قاپتۇ. «بۇ ئىككىسى يامان نەرسىلەر ئوخشايدۇ ـ دە، مەن ئۇلارغا بۇ يەرگە ئانا ـ ئانامدىن سورىماي كېلىپ ئېزىقىپ قالدىم، دېسەم كۆزگە ئىلمايدۇ، شۇڭا يالغان سۆزلەپ، ئۆزۈمنى چوڭ كۆرسەتمىسەم بولمىغىدەك» دەپ ئويلاپتۇ. شۇ چاغدا بۇجەن



ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھە چۈجە، سەن بۇ تاغ ئارىسىغا قانداق كېلىپ قالغانىدىڭ؟

چۈجە ئالدىنئالا ئويلىشىۋالغان بولغاچقا، تەمتىرىمەيلا يالغان گېپىنى باشلىۋېتىپتۇ:

— سىلەرنىڭ تازا خەۋىرىڭلار يوق ئوخشىمامدۇ، ئىككى كۈن ئاۋۋال قۇشلارنىڭ ئۇچۇش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. مەن شۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىپ بىرىنچىلىكنى ئالدىم. ئالدىنقى قېتىملىق ئۇچۇش مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغان بۈركۈت بۇ قېتىم ئىككىنچى بولغاچقا، مېنى پەقەت كۆزگە سىغدۇرالمىغان گەپكەن. مۇسابىقىدىن كېيىن ئۇ مەن سىزنى «تەبرىكلەيمەن» دېسە راست ئوخشايدۇ دەپتىمەن. ئۇ مېنى ئۆيىگە ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ تاغدىكى ئەڭ ئېگىز چوققىدىكەن، مەن شۇ يەردە مېھمان بولدۇم. ئويناپ - كۈلۈپ تويغۇچە يېدىم، بىراق ئۇلار مېنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قاناتلىرىمنى قىرقىپ...

چۈجىنىڭ گېپى تۈگىمەيلا بۆجەن، چاشقان، چۈجىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ پاچاقلىرىغا ئۇرۇپتۇ. «بۇنىڭدىن كېيىن بىزدىن سورىماي تالاغا چىقساڭ ياخشى كۈن كۆرمەيسەن» دەپ تىللاپتۇ. بۆجەن، چاشقان، چۈجىلەر بايىقى يالغان گەپلىرىنىڭ چېنىپ قالغانلىقىدىن خىجىل بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ئۇچقاندەك چېپىپتۇ.

# تۈگىمىگەن چۆچەك



نەۋبەرنىڭ مومىسى ئۇنىڭغا چۆچەك ئېيتىپ بەرمەكچى بوپتۇ. شۇڭا ئۇ مومىسىنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ قانداق چۆچەك ئېيتىدىغانلىقىغا قىزىقىپ مومايغا تەلمۈرۈپتۇ. موماي نەۋبەرنى باغرىغا بېسىپ، پېشانىسىغا سۆيۈپ قويۇپ چۆچەكنى باشلاپتۇ.

— بۇرۇنقى زاماندا مەھەللىدىن ناھايىتى يىراقتا يالغۇز ئولتۇرىدىغان بىر ئوۋچى بوۋاي بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئوقيا، قاپقان، سالغا قاتارلىق ئوۋ قوراللىرى كۆپ ئىكەن. مەن بۇ نەرسىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ساڭا كۆرسەتكەن،شۇنداققۇ قوزام؟

— ھەئە، ھەئە، مەن ئۇلارنى بوۋامنىڭ كونا نەرسىلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆرگەن.

— ئۇنداق بولسا قۇلاق سېلىپ ئاڭلا، — موماي چۆچەكنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.



— بىر يىلى قىشتا ئىككى كېچە - كۈندۈز قار

يېغىپ، يەر - جاھاننى ئاپئاق قار قاپلاپتۇ. ئۇۋچى بوۋاينىڭ بۇنداق پۈرسەتنى كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولغاچقا، تاڭ سەھەردىلا دالاغا ئۇۋغا چىقىپتۇ. قاردىن كېيىن ئاپئاق قار بىلەن بېزەلگەن كەڭ دالا قۇياش نۇرىدا ھەسەن - ھۈسەندەك جىلۋە قىپتۇ. يىراقتا سوزۇلغان بۇ دالىنىڭ بىر تەرىپى ئاقباشلىق تاغقا، يەنە بىر تەرىپى قارلىق دالادىكى پايانسىز يۇلغۇنلۇققا تۇتىشىدىكەن. بوۋاي قارغا يېڭىلا چۈشكەن ئىز- لارغا سىنچىلاپ قاراپ سەزگۈرلۈك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپتۇ. بوۋاي ھەربىر يېڭى ئىزنى كۆرگەندە توختاپ ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ قويە- دىكەن.

—مانا ماۋۇ توشقاننىڭ ئىزىكەن. ۋۇي، بۇلار بىر جۈپكەن - دە. ھە، مانا ماۋۇ تەرەپتىن يەنە بىرنەچچىسى كېلىپ قوشۇلۇپتۇ. ۋاي- ۋۇي، بۇ يەردىكى ئىزلار ئەجەب ئىرماش - چىرماش بولۇپ كېتىپتۇغۇ. نېمانچە كۆپ توشقاندۇ بۇ. ياق، ياق، بارى يوق ئۈچ جۈپ توشقان ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە ئالدى - كەينىگە مېڭىپ يۈرۈپتۇ. قارىغاندا ئۇلار بۇ يەرگە يەنە كەلمەي قالمايدۇ. شۇڭا ماۋۇ يەرگە قاپقان قۇرۇپ قوياي. — بوۋاي شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن توشقانلارنىڭ ئىزى كۆپرەك يەرگە قاپقان قۇرۇپتۇ. بوۋاي قاپقاننى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە باشقا ئىزلارنى بويلاپ مېڭىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا قويۇق يۇلغۇنلۇقلار ئارىسىدا قېرى بوز توشقان بىر توپ توشقانغا سۆزلەۋات- قانىكەن.

—ئىككى كۈندىن بېرى قېلىن قار ياغدى، ئۆزۈڭلار كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ھازىر ھەممە يەرنى قېلىن قار قاپلىدى. بۇنداق چاغدا ھەممىمىزگە بىر نەرسە تېپىپ يېيىش تەس، قورساق ئۈچۈن ھەممىلا يەردە قاتراپ يۈرۈشىمىزگە توغرا

كېلىدۇ. بىراق، دەل مانا مۇشۇنداق قېلىن قار ياغقان چاغلاردا ئوۋچى-
لارمۇ بىزنىڭ ئىزىمىزغا چۈشىدۇ. دىققەت قىلمىساق قېلىن قاردىكى
ئىزىمىز ئۆزىمىزگە دۈشمەن بولىدۇ. شۇڭا بىز قاردا ماڭغاندا ئىزى-
مىزنى ئۆچۈرۈپ ماڭايلى.

—قانداق ئۆچۈرىمىز؟ يا بىزنىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغان قانىتىمىز
بولمىسا...

—قانىتىمىز بولمىسا تۆت پۇتىمىز بىلەن كاللىمىز بارغۇ، ئەڭ
مۇھىمى كاللىنى ئىشقا سالايلى.

قېرى توشقاننىڭ سۆزىدىن كېيىن توشقانلار ئىزلىرىنى ئۆچۈ-
رۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى ئۇزۇنغىچە تالاش - تارتىش
قىپتۇ. بەزى توشقانلار «دومىلاپ ماڭايلى، دومىلاپ ماڭساق، ئوۋچىلار
بىزنىڭ توشقان ئىكەنلىكىمىزنى بىلەلمەيدۇ» دېسە، يەنە بەزى توش-
قانلار «موللاق ئېتىپ ماڭايلى، موللاق ئېتىپ ماڭساق ئوۋچىلارنى
ئېزىقتۇرۇۋەتكىلى بولىدۇ» دېيىشىپتۇ. بىراق، قېرى توشقان ئۇلارنىڭ
بىرەرسىنىڭ پىكرىنىمۇ توغرا تاپماپتۇ. ئاخىرى ئۇ مۇنداق دەپتۇ:

—بىز يۇلغۇن ۋە توغراق ياغىچىدىن چانا ياسايلى، مەن چانىغا
چىقىپ ئولتۇراي، سىلەر مېنى سۆرەپ مېڭىڭلار، سىلەرنىڭ ئىزىڭ-
لارنى چانا يوق قىلىۋېتىدۇ.

قېرى توشقاننىڭ گېپى بويىچە توشقانلار يۇلغۇن ۋە توغراق يا-
غاچلىرىدىن بىر چانىنى ياساپ پۈتتۈرۈپتۇ. قېرى توشقان چانىغا چى-
قىپ بەھۇزۇر ئولتۇرۇپتۇ، باشقا توشقانلار قاتار بولۇشۇپ
چانىنى سۆرەپتۇ. چانىنى ھەممە توشقان بىرلىشىپ سۆرى-
گەچكە چانا ئۇلار ئۈچۈن ئېغىر تۇيۇلماپتۇ. راست دېگەندەك
چانا توشقانلارنىڭ ئىزىنى پاك - پاكىز ئۆچۈرۈپ مېڭىپتۇ.



چۈنكى، ئۇلار چانىنىڭ كەينىگە يۆلگۈن چۈشۈقلىرىدىن بىر ئىز ئۆ-
چۈرگۈچ ياساپ باغلاپ قويغانىكەن...

ئوۋچى بوۋاي قار ئۈستىدىكى توشقانلارنىڭ ئىزىنى قوغلاپ بىر
يۆلغۈنلۈقنىڭ يېنىغا كەلگەندە، توشقاننىڭ ئىزلىرى يوقاپ كېتىپ-
تۇ...

—ئاپلا، بۇ نېمە گەپ بولۇپ كەتتى، شۇنچە كۆپ توشقاننى تو-
تۇۋالىدىغان بولدۇم دېسەم، ئۇلارنىڭ ئىزى تۇيۇقسىز غايىب بولۇپ
كەتتىغۇ. شۇنچە كۆپ يىل ئوۋچىلىق قىلىپ بۇنداق ئەھۋالنى كۆرۈپ
باقماپتىكەنمەن، ئۇلار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتمىگەندۇ!

ئوۋچى بوۋاي توشقان تۇتۇشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، باشقا ئىزلارغا
دىققەت قىلىشقا باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئېگىز ئۆسكەن يۆلغۈننىڭ ئۈس-
تىگە چىقىۋالغان بىر ئاق قۇشقاچ «قاردىكى ئىز» دېگەن ناخشىنى
ئېيتىۋاتقانىكەن.

ئاپئاق، ئاپئاق قار ياغدى،
قاردا قالدى ئىزىمىز.
كەلسە ئوۋچى ئىز قوغلاپ،
تۇتۇلمىز ئۆزىمىز.
قاردىكى شۇ ئىزلاردا،
چۈچۈك - چۈچۈك قوشاق بار.
ئوقۇساڭ شۇ قوشاقنى،
شادلىق بىلەن پىراق بار.
توشقان يازغان قوشاقنى،
ئوقۇيالمىدى ئوۋچىمۇ.
سەل چاغلىماڭ توشقاننى،

www.uyghurkitap.com



ئەخمەق ئەمەس ئۇنچىمۇ.

ئۇۋچى بوۋاي ئاق قۇشقاچنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپتۇ ـ دە، باشقا ئىزلارغا قاراپتۇ. ئۇ بىر قىرغاۋۇلنىڭ ئىزىنى كۆرۈپتۇ.

شۇ چاغدا نەۋبەر ئادىتى بويىچە مومىسىدىن سوراپتۇ:

—موما، قىرغاۋۇل دېگەن نېمە؟

—قىرغاۋۇل دېگىنىمىز، توخۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇش.

—ماڭا ئۇنى كۆرسىتىپ قوي، ماڭا ئۇنى كۆرسىتىپ قوي...

—بالام، قىرغاۋۇل دېگەن ناھايىتى يىراقتىكى جاڭگالدا ياشايدىغان قۇش.

—ئۇنداق بولسا ئاشۇ جاڭگالغا بارايلى...

—ھازىر ئۇ جاڭگالدىمۇ يوقكەن، ئۇۋچىلار ئېتىپ تۈگىتىپتۇ.

—يوق نەرسىنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتماي باشقا ھېكايە ئېيتىپ بەر.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن موماي نەۋبەرگە قانداق چۆچەكنى ئېيتىپ بېرىشنى بىلەلمەي قاپتۇ. موماي ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكنى باشلىسىلا، نەۋبەر ماڭا شۇ ھايۋاننى كۆرسىتىپ قوي دەپ تۇرىۋالىدىكەن، شۇڭا موماي ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىشقا ئامالسىز قاپتۇ. موماي يەنە كۆپ ئۆتمەي باللىرىمىزغا ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرگىلى بولماي قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ قاپتۇ.

دېمىسىمۇ نۇرغۇن ھايۋانلار چۆچەكتىلا بار. ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا زادى نېمە سەۋەب بولۇۋاتقاندۇ؟



# كەسلەنچۈكنىڭ پۇشايمىنى

قىزىلقۇم دەپ ئاتىلىدىغان بۇ بىنەملىكتە بىر كەسلەنچۈك يا- شايدىكەن. ئۇنى باشقىلار «يوغانباش» دەيدىكەن. ئۇ ناھايىتى پوچى، ھاكاۋۇر بولغىنىنى ئاز دەپ، تولا جېدەل چىقىرىدىكەن. ئۇ قىزىلقۇمغا ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايدىكەن. قىزىلقۇم يول ئۈستى بولغاچقا، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇرىدىغانلارمۇ كۆپ ئىكەن. شۇڭا ئۇ يول بويىغا چىقى- ۋېلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە پو ئاتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ كىرپە، ئۆردەك، كالىلارنى توسۇۋېلىپ پو ئېتىپتۇ:

—ھەي، سىلەر نېمە دەپ ماڭا سالام قىلىپ ماڭمايسىلەر، مېنى كۆزۈڭلارغا ئانچە ئىلمايدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ مېنىڭ سىلەرگە گەپ قىلغانلىقىمدىن خۇشال بولساڭلار بولىدۇ. مەن ئەسلى مۇشۇ يەر شا- رىنى نەچچە مىڭ يىل سورىغان دىنوزاۋرنىڭ ئەۋلادى، ئۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بوۋام بولىدۇ .ئۇ بۇ دۇنيانى سورىغان چاغدا ھازىرقى ماۋۇ ئادەم دېگەنلەرنىڭ قۇرتىمۇ يوق ئىدى، پۈتۈن دۇنيا بىزنىڭ ئىدى، ھازىر ھەممە يەرنى ئادەملەر ئىگىلىۋالدى. ئۇلار يېقىندا مېنىڭ دىنوزاۋرنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمنى بىلگەنىنىڭياقى مېنى بەك ھۆرمەت- لەيدىغان بولدى. ئادەملەر مېنى ھۆرمەتلىگەن يەردە ھەر- قايسىڭنىڭ مېنى ھۆرمەتلىمەيدىغانغا نېمە ھەققى بار...

—بىز سېنى ھۆرمەتلىمەي نېمە قىپتۇق؟ بىز دەريا

بويىغا كېتىپ باراتتۇق، ئۆزۈڭچە قايناپ قاپسەنغۇ، — ئاچچىقى كەل-
گەن كىرپە شۇنداق دەپتۇ.

—ئۆزۈڭ كىچىك بولغان بىلەن نېمانچە يوغان سۆزلەيدىغان
نېمە سەن؟ مەن موزاي ۋاقتىمدىن تارتىپ بىنەملىكتە چوڭ بولغان،
ئەجەب سېنى كۆرۈپ باقماپتىمەنكەن. سېنىڭدىن پاقا، چاشقانلارمۇ
ئەدەپلىكرەك. ئۇلار مېنى كۆرسە چىرايلىق سالام قىلىدۇ، — كالىمۇ
تېرىكىپ تۇرۇپ مۆرىشۈپتىپتۇ.

—سېنىڭ ئۆزۈڭنى ماختىغىنىڭ بىزنى كۆزگە ئىلمىغىنىڭمۇ
ياكى... —ئۆردەكمۇ غاقىلداپ كېتىپتۇ.

يۇقىرىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ يوغانباش تېخىمۇ تېرىكىپ كېتىپتۇ:

—مەن بايا سەن خەقكە دېدىمغۇ، مەن دۇنيانى سورىغان دىنو-
زاۋرنىڭ ئەۋلادى، مېنىڭ ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئەجدادىم تۇرۇپ ھەرقايسىڭ
بىلەن پاراڭلاشقىنىمغا خۇش بولۇشە، سەن خەق مېنى تونۇمىغىنىڭ
بىلەن، مەن ھەرقايسىڭنى ئوبدان تونۇيمەن. ماۋۇ كىرپىنىڭ تىكەنلىك
چاپىنىنى كۆرۈپ شۇركۈنۈپ كەتتىم. ماۋۇ ئۆردەك نېمانچە سەت ئە-
غاڭلاپ ماڭىدۇ، قۇيرۇقلىرىچۇ تېخى. ماۋۇ كالىنىڭ قۇيرۇقى نېمانچە
ئۇزۇن، ئۇنداق كېرەككە كەلمەيدىغان قۇيرۇقنى كۆتۈرۈپ يۈرگىچە
تاشلىۋەتسە بولمامدىغاندۇ؟

— ھەي كەسلەنچۈكجان، ھەر نەرسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئار-
تۇقچىلىقى بولىدۇ، بىز سېنىڭ قۇيرۇقۇڭنى چىشلەپ تارتمىغاندىن
كېيىن، نېمە دەپ بىزنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىمىزنى چىشلەپ
تارتىسەن؟

ئۇلار تەڭلا كەسلەنچۈككە ھۇرپىيىپتۇ.

— پاھ، تېخى ماۋۇ كارغا كەلمەسلەرنىڭ ۋارقىراپ



كەتكىنىنى، مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى سەتكەن دېمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭ كارا-
مىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويايمۇ؟

— سېنىڭ قۇيرۇقۇڭنىڭ راست ئارتۇقچىلىقى بار، مەن ئۇنى بىلىمەن، بىراق سەن ئۆزۈڭنىڭلا ئارتۇقچىلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلار-نىڭ ئارتۇقچىلىقىنى كۆرمىسەڭ بولمايدۇ-دە، — دەپتۇ كالا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— قۇيرۇقۇمنىڭ كارامىتىنى بىلسەڭ دەپ باقە قېنى، — كەسلەنچۈك كالىغا ئەدەپسىزلىك بىلەن دېكىنىپتۇ.

— بىر كۈنى مەن مۇشۇ بىنەمدە ئوتلاۋاتاتتىم، سەن ئاۋۇ كىچىك دۆڭدە ئويناۋاتاتتىڭ. سەن ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىر تۈلكىنىڭ ساڭا يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەي قالدىڭ. تۈلكە ساڭا چاڭ سالاي دېگەن چاغدىلا سەن ئۇنى كۆرۈپ، قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇيرۇقۇڭنى ئۈزۈپ تاشلاپ بېرىپ، ئۆيگە قېچىپ كىرىپ كەتتىڭ. ئۈزۈلۈپ قالغان قۇيرۇقۇڭ پىلتىڭلاپ تۈلكىنى ئەخمەق قىلغانىدى...

— ھا، ھا، ھا... — كەسلەنچۈك مەغرۇرلانغان ھالدا قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ. — سەن ھەقىقەتەن كۆرۈپتىكەنسەن، قانداقكەنمەن؟

— ھەي كالا، ئەمدى سەنمۇ يالغان سۆزلىگىلى تۇردۇڭغۇ. سەن ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈلۈپ كەتكەن دەۋاتاتتىڭ. ئۇنىڭ قۇيرۇقى تۇر-مامدۇ ئەنە، — ئۆردەك غاقىلداپ كېتىپتۇ.

— مېنىڭ قۇيرۇقۇمنىڭ كارامىتى ئەنە شۇ يەردە. كۈنىسى ئۈ-زۈلۈپ كەتسە يېڭىسى ئۈسۈپ چىقىدۇ. ھەرقايسىڭدا ئەنە شۇنداق كارامەت بارمۇ؟ قېنى كالا، سەن قۇيرۇقۇڭنى ئۈزۈ-ۋېتەلەمسەن؟ ياق، بۇ ئىش ھەرگىز قولۇڭدىن كەلمەيدۇ. مانا ماۋۇ ئۆردەكتەك ئاچ كۆزلەر مېنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان قۇيرۇ-



www.uyghurkitap.com



قۇمنى بىلىقمىكىن دەپ يەۋېتىشى مۇمكىن. ماۋۇ تىكەنلىك چاپان كىيىۋالغان ئاداشقۇ قويرۇق دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ... يوغانباش ئۆزىنى ماختاپ، ئۇلارنى ئەيىبلەپ كوتۇلداۋېرىپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن كىرپە، ئۆردەك، كالىلار ئۇنىڭ گېپىگە قولاق سالماي كېتىپ قاپتۇ. يوغانباش بارغانسېرى يوغانچى بولۇپ كېتىپتۇ. قىزىلقۇمغا كىم قەدەم قويسا شۇنى چۇشۇرۇپ، ئۆزىنى كۆپتۇرۇپ ماختاپ يۈرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماپتۇ.

كەسلەنچۈك ئەنە ئاشۇنداق كۆرەڭلەپ ھەددىدىن ئېشىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قىزىلقۇمدا قاتتىق بوران چىقىپتۇ. بوران قىزىل-قۇمدىكى قۇم ۋە بىنەملىكنى ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ. يوغانباش قانداق قىلىشنى بىلەلمەي، ئۆزىنىڭ جېنىنى ئاران قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆي - ماكانلىرى قۇم بىلەن بىللە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر تىۋىلغىغا ئېسىلىۋالغان بولغاچقا ئامان قاپتۇ. يوغانباشنىڭ بوراندا ۋەيران بولغان قىزىلقۇمغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ ھۆكرەپ يىغلىغۇسى كەپتۇ. شۇ چاغدا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك تۈلكە يەنە كېلىپ كەسلەنچۈكنى قوغلاپتۇ. يوغانباش قېچىپ كىرىپ كېتىدىغان ئۇۋىسى بولمىغاچقا، جېنىنىڭ بارىچە قېچىپتۇ ھەم قويرۇقىنى تاشلاپ بېرىپ تۈلكىنى ئېزىقتۇرماقچى بوپتۇ. يوغانباشنىڭ بۇ ھىيلىسىنى بىلە-ۋالغان تۈلكە قويرۇق بىلەن كارى بولماي يوغانباشنى قوغلاۋېرىپتۇ. ئەمدى جېنىمدىن ئايرىلىدىغان بولدۇم دەپ ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن يوغانباش كىرپىگە ئۇچراپ قاپتۇ - دە، مېنى تۈلكىدىن قۇتقۇزۇۋالغىن، دەپ يالۋۇرۇپتۇ. كىرپە ئۇنى قوينىغا ئېلىپ تۈگۈلۈۋاپتۇ، تۈلكە كىرپىنىڭ تىكەنلىرىدىن قورقۇپ ئۇ-لارغا چېقىلالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يوغانباشنىڭ جېنى ئامان



قاپتۇ. كالا، ئۆردەكلەرمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىپتۇ. كالا ئۇ-نىڭ يېڭى ماكان تېپىۋېلىشىغا ياردەم قىپتۇ. ئۆردەك ئۇنىڭغا تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تەسىرلەنگەن يوغانباش ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئورۇنسىز يوغانچىلىق قىلغانلىقىدىن پۇ-شايمان يەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كەمتەر، چىقىشقاق بولۇپ كې-تىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



# ھەييار بىلەن تەييار



ئانا تۈلكىنىڭ ئىككى بالىسى بار بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىسمى ھەييار، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى تەييار ئىكەن. ئۇلار كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ ئانىسىغا ئوخشاپ قالغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئانىسى ئەكىلىپ بەرگەن يېمەكلىكلەرنى يەپ ئۇۋىسىدىن چىقىپ باقماپتۇ. شۇڭا ئانا تۈلكە ئۇلارنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇلارغا جاھان كۆرسىتىپ، ھۈنەر ئۆگەتمەكچى بوپتۇ. ئانا تۈلكە ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ھەييار بىلەن تەييارغا دېگەنىكەن، ئۇلار خۇشاللىقىدىن قۇيرۇقلىرىنى قىلىق چىقىرىپ پۇلاڭشىتىپ، غىڭشىپ ئەركىلەپ كېتىپتۇ.

ئانا تۈلكە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر ئورمانلىققا كەلگەندە، ئېگىز تېرەكنىڭ تۆۋەنرەك شېخىغا قونۇپ، يوغان بىر پىشلاقنى چىشلەپ ئولتۇرغان قاغىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئۇنى بالىلىرىغا كۆرسىتىپ مۇنداق دەپتۇ:

—ئەنە ئاۋۇ يوغان پىشلاقنى چىشلەپ ئولتۇرغان قارا قۇش قاغا بولىدۇ، مەن سىلەرگە قاغا ھەققىدە نۇرغۇن گەپلەرنى دەپ بەرگەن. سىلەرنى سىناپ باقاي، قايسىڭلار قاغىنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقنى چۈشۈرەلەيسىلەر؟



— مەن!

— سەن توختاپتۇر، مەن...

ھەييار بىلەن تەييار بىر - بىرى بىلەن تالىشىپ كېتىپتۇ.

ئانا تۈلكە ھەييار چوڭ بولغاندىن كېيىن باشتا ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ باقسۇن، دەپ تەييارنى بىر چەتكە تارتىپ، ھەييارنى قويۇپ بېرىپتۇ.

ھەييار يەم بىلەن مېڭىپ قاغا قونۇپ ئولتۇرغان تېرەكنىڭ يېنىغا كەپتۇ - دە، قاغىنى ماختاپتۇ.

— پاھ، پاھ، ماۋۇ قاغا نېمە دېگەن چىرايلىق، نېمە دېگەن كېلىشكەن، پەي - قاناتلىرىمۇ ئالتۇندەك پارقىراپ تۇرىدىكەن. بىراق، مۇشۇنداق چىرايلىق قاغىنىڭ گاچا بولۇپ قالغانلىقى پەقەت قاملاشماپتۇ. ئىسىت، ئىسىت.

تۈلكىنىڭ بۇنداق ھۈنەرلىرىنى بىلىپ بولغان قېرى قاغا پىشلاقنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ھەييار ئۆز ھۈنىرىنىڭ ئاقمىغانلىقىغا ئاچچىقلىنىپتۇ.

ھەييارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ئانا تۈلكە بىلەن تەييار ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ئۇنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقنى چۈشۈرەلمىدىڭغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ تەييار.



— مەندە نېمە گۇناھ، ئاپام بىزگە دائىم سۆزلەپ بېرىدىغان ھېلىقى ھېكايىدىكىدەك قىلساممۇ، ئۇ قاقىلدىماي پىشلاقنى تېخىمۇ چىڭ چىشلەپ ئۇچۇپ كەتتىغۇ. ئاپامنىڭ ھۈنەرلىرىمۇ ئاقمايدىغان بولۇپ قالغانمۇ نېمە؟ — دەپتۇ ھەييار خورسىنغان ھالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



—بالىلىرىم، مېنىڭ سىلەرگە قاغىنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقنى قانداق ئېلىۋېلىش ھەققىدىكى ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگىنىم راست، بىراق ئۇ كونىراپ كەتكەن ئۇسۇل. سىلەر يەنە شۇ كونا ئۇسۇلنى قوللانساڭلار بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئاقماي قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى تەييار نەرسىلەرگە ھەييارلىق قىلماي يېڭىچە يول تۇتۇشۇڭلار كېرەك. —دەپتۇ ئانا تۈلكە مۇلايىملىق بىلەن.

ئانا تۈلكىنىڭ گەپلىرى ھەييار بىلەن تەييارنى ئويلاندۇرۇپ قويۇپتۇ، بولۇپمۇ زېرەك تەييارنى بۇ ھەقتە چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپتۇ. ئۇلار ئورمانلىقنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققان بولسىمۇ ئۇۋلىغۇدەك نەرسە تاپالماپتۇ. ئۇلار يوغان بىر تېرەكنىڭ توۋىدىكى بۇلاقتىن قېنىپ - قېنىپ سۇ ئىچىپ، تېرەككە يۆلەنگىنىچە بىردەم ئارام ئاپتۇ. شۇ چاغدا بايىقى قاغىنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقتىنمۇ چوڭ بىر پىشلاقنى چىشلىگەن يەنە بىر قاغا كېلىپ تېرەككە قونۇپتۇ. ئەمدى ئانا تۈلكە تەييارنى ھۈنەر كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ. ھەييارنىڭ قورسىقى ئېچىپ كەتكەچكە، قاغىنىڭ ئاغزىدىكى پىشلاقنى كۆرۈپ شۆلگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە توكۇروكىنى يۇتۇپتۇ. تەييار كىچىكىدىنلا زېرەك، كاللا ئىشلىتىشكە ئامراق بولغاچقا، ئۆزىگە خاس ھۈنەرلىرىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇ تېرەكنىڭ يېنىغا كېلىپ، قاغىغا قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن سەل پەس ئاۋازدا مۇنداق دەپتۇ:

—ھە، بۇ ھېلىقى پىشلاق ئوغرىسى ئىكەنغۇ، ئەجەب ئوبدان بولدى، بۈگۈن بۇنىڭ ئەجىلى توشۇپتۇ. ئۇ بۈگۈن مەن زەھەرلەپ قويغان پىشلاقنى ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئۆزى يالغۇز يېمەي، بالىلىرى بىلەن يېسە بەك ياخشى بولاتتى. شۇ چاغدا بۇ قاراماتاق شور قۇيرۇقتىن ئۆچۈمنى ئالغان بولاتتىم. ئۇ



مەن يېيىشكە تېگىشلىك نورغۇن پىشلاقلارنى يەپ كەتتى. مانا بۈگۈن ئۇ خەقنىڭ پىشلىقىنى يېگەننىڭ جازاسىنى تارتىدىغان بولدى.

تەييارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قاغا زەھەرلىك پىشلاقنى ئېلىپ كەلگەن ئوخشايمەن دەپ ئاغزىدىكى پىشلاقنى تەييارنىڭ ئالدىغىلا تاشلاپ، ئاچچىق قاقىلدىغىنىچە ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئانا تۈلكە بىلەن ھەييار مۆكۈنۈپ ياتقان يېرىدىن چىقىپتۇ. ئانا تۈلكە تەييارنى ماختاپ كېتىپتۇ:

— ھە، ھۈنەر دېگەننى مانا مۇشۇنداق جانلىق ئىشلىتىش كېرەك. كونا ھۈنەرنى يېڭىلىماي ئىشلىتىۋەرسەك ئاقماي قالىدۇ.

ئۇلار پىشلاقنى پارچىلاپ يەپ كوكىراپ كەتكەن قورساقلىرىنى ئەستەرلىگەندىن كېيىن ئورمانلىقتىن چىقىپ، يۇلغۇن، سۆكسۆك، يانتاقلار بىلەن قاپلانغان تۆپىلىكنى ئايلىنىپ باقماقچى بوپتۇ. ئاردىلىقتا ئانا تۈلكە ھەييار بىلەن تەييارغا ئىككى كەكلىك تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئۇلار تۆپىلىكتىن قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان خېلىلا يوغان بىر قۇيرۇق مايىنى كۆرۈپتۇ. قۇيرۇق مايدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك پۇراق ھەييار بىلەن تەييارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىپتۇ. لېكىن، ئۇلار بۇنداق چاغدا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ھەققىدە ئانىسىدىن كۆپ نەسىھەت ئالغان بولغاچقا، قۇيرۇق مايغا قارىغىنىچە بىر چەتتە تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا ئانا تۈلكە ھەيياردىن سوراپتۇ:

— بالام، مانا ماۋۇ قۇمنىڭ ئۈستىدە قوينىڭ بىر پارچە قۇيرۇق مېيى تۇرىدۇ، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

ھەييار ئويلانمايلا جاۋاب بېرىپتۇ:

— بۇ ھەقتە سىز بىزگە سۆزلەپ بەرگەن، بۇنداق چۆلدە قوينىڭ قۇيرۇق مېيى بىكاردىن - بىكار تۇرۇپ

قالمايدۇ، سىز دائىم ئوقۇيدىغان «بىر چاناق بار بىكار كەلگەن نان، ئاشتا، نېمە قىلار ماي چۆلدىكى بۇ تاشتا» دېگەن شېئىرمۇ قولىقىم تۈۋىدە ياڭراپ تۇرىدۇ. ئۇ قۇيرۇق مايىنىڭ چوقۇم بىر بالاسى بار، ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا چېقىلماي ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك.

ھەييارنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئانا تۈلكە ھەييارنىڭ ئەقىللىقلىقىنى ماختاپتۇ. ئۆزىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپتۇ. شۇنداقتىمۇ تەيياردىنمۇ سوراپ باقماقچى بوپتۇ.

—تەييار، سەنچە ئاكاڭنىڭ گېپى توغرىمۇ؟

—توغرا ئەمەس، — ئويلىنىپ تۇرغان تەييار كەسكىن جاۋاب بېرىپتۇ. ئانا تۈلكە تەييارنىڭ ئويلىمىغان يەردىن چىققانلىقىغا قىزىقىپ سوراپتۇ.

—سەنچە قانداق قىلساق بولار؟

—قانداق قىلىدىغىنىمىزنى مەن سىلەرگە كۆرسىتىپ قوياي،

—تەييار شۇنداق دېگەندىن كېيىن ئالدىنىئالا تەييارلاپ قويغان يۇلغۇن تايىقىنى ئېلىپ، قۇيرۇق ماي بار يەرنىڭ ئەتراپىدىكى قومىلارنى تارتـقۇشلاپ ئېچىپتۇ. شۇ چاغدا قوم ئاستىدىن بىر تۆمۈر قاپقان كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ ئاۋايلاپ تۇرۇپ قۇيرۇق ئىلىنغان ئىلمەكنى يۇلغۇن ياغىچى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كوچەپ ئۇرغانىكەن، قاپقان پاققىدە قىلىپ يۇلغۇن ياغاچنى قىسىۋاپتۇ. تەييار يۇلغۇن ياغاچنى تاشلىۋېتىپ، قۇيرۇق مايىنى يۇلۇۋاپتۇ.

ئانا تۈلكە بىلەن ھەييار تەييارنىڭ ئەقىللىقلىقىغا قايىل بوپتۇ.



# ئەقىللىق چۆجە



تاغ باغرىغا جايلاشقان بىر
خىلۋەت مەھەللىدە،
ياشىغانىكەن بەكمۇ ئوماق
ئەقىللىق چۆجە.
ھەربىر ئىشنى قىلىدىكەن
كاللا قاتۇرۇپ،
ئانىسىمۇ ماختايدىكەن
ئۇنى ياقتۇرۇپ.
چۆجىنىڭكى مەھەللىسىگە
يېقىنلا يەردە،
باركەن نەپسى تويمايدىغان
يىرتقۇچ بىر تۈلكە.
كېلىپ قالسا گاھى چاغدا
مەھەللىگە تۈلكە،
ئۆچىدىكەن چۆجىلەرنىڭ
چىھرىدىن كۈلكە.
چۈنكى تۈلكە مېكىيانغا

سېلىپ مىڭ ئازاب،
چوجىلەرنى ئېلىپ كېتىپ
قىلاركەن كاۋاپ.
بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان
ئەقىللىق چوجە،
بەرمەك بوپتۇ تۈلكىگە دەل
ئەجەللىك زەربە.
ئارىلىقتىن ئانچە ئۇزۇن
ۋاقىتمۇ ئۆتمەي،
تۈلكە كېلىپ چوجىگە ھەم
دەپتۇ سېنى يەي.
«يېسەڭ يېگىن، مەن سېنىڭدىن
ئۆگەندىم ناخشا،
شۇ ناخشىنى قېنى سەن بىر
ئاڭلاپ باق باشتا.»
تۈلكە ئاڭلاپ چوجىنىڭ بۇ
ئىلتىماسىنى،
دەپتۇ كۈلۈپ: «بوپتۇ ئاڭلاي»
ئېيتمامسەن قېنى.
چوجە ناخشا ئېيتىپتىكەن
تۈلكىنى دوراپ،
ئوخشىماپتۇ ناخشىسى ھېچ
قاپتۇ چىرىلداپ.
بۇنى ئاڭلاپ تۈلكە دەرھال



تېرىكىپ تاقلاپ،
«مېنىڭ ناخشام شۇنداق سەتمىدى
ئەي چۈجە كاززاپ،
مېنى ئازراق دورىغىن سەن
هالىڭغا قاراپ.
بولدۇم ئەمدى يەيمەن سېنى
ئاچتى بۇ قورساق،
سەن ئۆزۈڭچە ماڭا تېخى
قۇرامسەن قىلتاق.»
تۈلكە شۇنداق دەپ چۈجىنى
يېمەكچى بوپتۇ،
قورسىقىنى توقلاپ راسا
كۈلمەكچى بوپتۇ.
«تۈلكە ئاكا گەپنى ئاڭلاڭ
ئالدىراپ كەتمەڭ،
ناخشىڭىزنى بىز بىر قېتىم
ئېيتايلىچۇ تەڭ.»
چۈجىنىڭكى بۇ گېپىنى
ئاڭلىغان تۈلكە،
دەپتۇ: «قېنى ئېيتايلى بىز
ناخشىنى بىللە.»
چۈجە بىلەن تۈلكە بىللە
ناخشا ئېيتىپتۇ،
قۇۋ تۈلكىنىڭ هۇۋلاشلىرى



www.uyghurkitap.com



ئىتقا يېتىپتۇ.
يېتىپ كەپتۇ ماھىر ئوۋچى
ئىتمۇ بىردەمدە،
قوۋ تۈلكىگە ئۇ بېرىپتۇ
ئەجەللىك زەربە.
چۆجە ئۆچۈن بوپتۇ بۇ بىر،
ئۇنتۇلماس غەلىبە.
چۆجە دەپتۇ: «ئەقىل بىلەن
تاغنى يۆتكەيمىز،
ئەقىل تاپساق قۇدرەت تېپىپ
ياشناپ، كۆكلەيمىز.»







# چارپاقا

چارپاقا ئادەملەر مەھەللىسىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كونا قۇدۇقتا دۇنياغا كەلگەنىكەن. بۇ قۇدۇقتا ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى ۋە يەنە بىرنەچچە تاغا، ھاممىلىرى بىرلىكتە ياشايدىكەن.

چارپاقىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمۇ مۇشۇ قۇدۇقتىن باشقا يەرنى بىلمەيدىكەن. ئۇلار قۇدۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاسمان، ئۆزى ياشاۋاتقان قۇدۇقنى پۈتكۈل جاھان دەپ ئويلايدىكەن. بىراق، چارپاقا چوڭ بولۇپ ئەقىل تاپقانسېرى قۇدۇقنىڭ تولىمۇ كىچىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئۇ ئاتا - ئانىسىغا «سىلەر ئاسمان دەۋاتقان ئاشۇ يەردىن سىرتقا چىقىپ باقساق بولمامدۇ، مېنىڭچە بىز ياشاۋاتقان بۇ يەر پۈتكۈل جاھان ئەمەس» دېگەن بولسىمۇ، چارپاقىنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماپتۇ. شۇڭا ئۇ ئاتا - ئانىسى تاتلىق ئۇخلاۋاتقان چاغدا، قۇدۇقنىڭ تاملىرىغا يامىشىپ يۈرۈپ مىڭ بىر جاپادا سىرتقا چىقىپتۇ.

— پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل دۇنيا بۇ، — چارپاقا تالاغا چىقىپلا ھەيران قاپتۇ.

چارپاقا چىققان يەر ئەسلى بۇرۇن ئادەملەر ئولتۇرغان مەھەللە بولۇپ، ھازىر ئېتىزلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىكەن.



uyghurkitap.com



چارپاقنىڭ كۆزلىرى قۇدۇقتىكى خىرەلىككە كۆنگەن بولغاچقا، خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزلىرىنى ئاچالماپتۇ. ئۇ كۆزلىرىنى قۇياش نۇرىغا كۆندۈرگەندىن كېيىن ئىنتايىن ھەيران قاپتۇ ھەمدە ھاياجىنىنى باسالماي كورۇلداپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

كىچىككىنە قۇدۇقنى،
جاھان دەپتۇق بىلمەستىن.
شۇڭا كۈنلەر ئۆتتۈپتۇ،
يايرىماستىن، كۈلمەستىن.
مەنمۇ كەڭرى ئېتىزدا،
خۇشال سەكرەپ تاقلايمەن.
ئەمدى ئەسكى قۇدۇققا،
كىرىپ ھەرگىز ياتمايمەن.

چارپاقا ناخشىسىنى ئېيتقىنىچە ئېتىزلىقمۇ ئېتىزلىق سەكرەپ تاقلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇ توختىماي چېپىپ، سەكرىسىمۇ پەقەت ھارغىنلىق ھېس قىلماپتۇ.

چارپاقا ياپېپىشىل بېدىلىكتە تاقلاپ كېتىۋېتىپ، ناھايىتى چىرايلىق بىر پاقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئەسلى ئۇ قىزىل قولتۇق پاقا ئىكەن. چارپاقا قىزىل قولتۇق پاقىغا ئەدەپ بىلەن سالام قىپتۇ:

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم دوستۇم، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمە؟

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىسمىم قىزىل قولتۇق پاقا، سېنىڭچۇ؟

—قىزىل قولتۇق پاقا چارپاقىنى ئانچە كۆزگە ئىلمايۋاتقان بولسىمۇ، ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرىپ قويۇپتۇ. ئۇ خۇددى مەن سەندەك سەت ئەمەس دېگەندەك پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ، چىرايلىق قىزىل قولتۇقلىرىنى كۆر-



سىتىپ قويۇپتۇ. دېمىسىمۇ قىزىل قولتۇق پاقا چىرايلىق ئىكەن. بۇ چارپاقىنى تولىمۇ جەلپ قىپتۇ. چارپاقا ئۆزىنىڭ سەت ۋە كۆرۈمسىزلىكىدىن بىزار بوپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ قىزىل قولتۇق پاقا بىلەن بىزنىڭ تۇغقانچىلىقىمىز بار دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولماقچى بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

—قارىغاندا سىزمۇ پاقا، مەنمۇ پاقىكەنمەن. مېنىڭ ئىسمىمدىكى «چار» بىلەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزدىكى «قىزىل قولتۇق» نى ئېلىۋەتسەك، ھەر ئىككىلىمىز پاقا ئىكەنمىزغۇ، شۇڭا بىز يېقىن دوستلاردىن بولۇپ ئۆتسەك بولامدۇ؟

بەتبەشىرە چارپاقىنىڭ گەپلىرى تاۋى نازۇك قىزىل قولتۇق پاقىنىڭ ناھايىتى ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ بىر قېرىنقىزنىڭ يوغان يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقىۋېلىپ خاپا بولۇپ قايناپ كېتىپتۇ:

— قارىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئوخشىمامسەن، سېنىڭ مېنىڭكىدەك چىرايلىق قىزىل قولتۇقۇڭ يوق تۇرۇپ، تېخى ئۆزۈڭنى مەن بىلەن ئوخشاش دېمەكچىمۇ؟ مېنى بىلمەيدۇ دەپ قالما، سەن سېسىق قۇدۇقتا چوڭ بولغان، كۆرۈۋاتقانسەن، مەن مانا مۇشۇنداق ياپېپشىل بېدىلىكتە چوڭ بولغان.

چارپاقىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

—ئاپامدىن ئاڭلىسام پاقىلارنىڭ ھەممىسى قۇدۇقتا، كۆلدە ياكى ئېرىق - ئۆستەڭلەردە تۇغۇلىدىكەنغۇ. چوڭ بولغان يېرىمىز ئوخشىمىسىمۇ تۇغۇلغان يېرىمىز ئوخشاشقۇ. دوست بولۇپ ئۆتكەنىنىڭ نېمە زىيىنى بار، مەن چىرايلىق گەپ قىلىۋاتسامۇ سىز...



www.uyghurkitap.com



—بولدى، بولدى، ماڭا كۆپ گەپ قىلغۇچى بولما. مەن قولتۇقى قىزىل ئەمەس ھەرقانداق پاقا بىلەن دوست بولالمايمەن.

قىزىل قولتۇق پاقا كۆچەپ سەكرىگىنىچە بولۇق ئۆسكەن بېدىلىككە كىرىپ كېتىپتۇ. قىزىل قولتۇقنىڭ قىلىقلىرى چارپاقىغا ناھايىتى ھار كەپتۇ. ئۇ بېدىلىكنىڭ بىر چېتىدىكى سۈزۈك بۇلاقنىڭ بويىغا كەپتۇ، چارپاقا سۈزۈك بۇلاقتىن ئۆزىنىڭ ئەكسىنى كۆرۈپ كۆڭلى تېخىمۇ يېرىم بوپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىل قولتۇق پاقىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن سەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ. ئەمدى ئۇ بۇلاقتىكى ئەكسىگە قاراشتىن بىزار بولۇپ، بېدىلىكنىڭ نېرىسىدا سارغىيىپ كۆرۈنۈپ تۇرغان قىچا چېچەكلىرىگە مەپتۇن بولۇپ شۇ تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئۇ قىچىلىقنىڭ يېنىغا ئاز قالغاندا بىر ئوغۇل بالىنىڭ ئالدىغا بىر تاختىنى قويۇۋېلىپ، موي قەلەم بىلەن تاختايغا نېمىلەرنىدۇ جىجاۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئاپئاق تاختىغا بىردەم يېشىل، بىردەم سېرىق رەڭ بىلەن تورلۇك نەرسىلەرنى سىزىۋاتقانلىقى ئۇنى بەك قىزىقتۇرۇپتۇ. ئۇ ئوغۇل بالىدىن سوراپتۇ:

—ھەي بالا، سەن ئاقنى قىزىل قىلالامسەن؟

ئوغۇل بالا چارپاقىنىڭ ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران بولغان بولسىمۇ، رەسىم سىزىشنى توختاتماي سالماقلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

—شۇنداق، مەن قولۇمدىكى بۇ موي قەلەم بىلەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ رەڭگىنى خالىغانچە ئۆزگەرتەلەيمەن.



بۇ گەپنى ئاڭلاپ چارپاقا بەك خۇشال بوپتۇ.

—مېنىڭ قولتۇقۇمنى قىزىل قىلىپ قويامسەن؟

—ئۇ قانچىلىك ئىشتى.

—ئۇنداق بولسا ماڭا ياردەم قىلساڭ بوپتىكەن.

—بولىدۇ، —ئوغۇل بالا موي قەلەمنى قىزىل رەڭگە چىلىغاندىن كېيىن، چارپاقنىڭ قولتۇقىنى بوياپ، خۇددى قىزىل قولتۇق پاقىنىڭ قولتۇقىدەك قىلىپ قويۇپتۇ.

چارپاقا خۇشاللىقىدا بۇلاق بويىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ سۇدىكى ئەكسىنى كۆرۈپ «ئەمدى مەنمۇ قىزىل قولتۇق بوپتىمەنغۇ» دەپ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ-دە، ھېلىقى قىزىل قولتۇق پاقىغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولۇپ، ئۇنى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئەنە شۇ چاغدا بىر توپ بالىلار ئۇنى «ئەجەب سېمىز قىزىل قولتۇقكەن» دەپ تۇتۇۋاپتۇ. چۈنكى، تېۋىپ قىزىل قولتۇق پاقىدا دورا ياساش ئۈچۈن بالىلارغا پۇل بېرىپ تۇتقۇزۇۋاتقانىكەن. تېۋىپ پاقىلارنى ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، چارپاقىنىڭ ھەقىقىي قىزىل قولتۇق پاقا ئەمەسلىكىنى بىلىپ قاپتۇ-دە، بالىلارغا كايىپ كېتىپتۇ:

—ھەي ساختىپەزلەر، سىلەر مەندىن پۇل ئۇندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن چارپاقىنىمۇ بوياپ ئەكەپسىلەر-ھە. مانا ماۋۇ چارپاقىكەن، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ تالاغا تاشلىۋېتىڭلار.

بالىلار چارپاقىنىڭ قولتۇقىنىڭ نېمە ئۈچۈن قىزىل بولۇپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇپ، ئۇنى تالاغا تاشلىۋېتىپتۇ.



ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا خۇش بولۇپ كەتكەن چارپاقا ئۇزىنىڭ قىزىل قولتۇق پاقا ئەمەس، چارپاقا بولۇپ قالغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ. ئۇ قۇدۇققا چۈشۈپ، ئۇ يەردىكى ئاتا-ئانىسى ۋە تاغا، ھاممىلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەڭرى دۇنيادىن ھۇزۇرلاندۇرۇپتۇ.

توز ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىدىن تولىمۇ پەخىرلىنىدىكەن. قۇشلار پادىشاھلىقىدىكى ھەممىلا قۇش ئۇنى گۈزەل دەپ ماختىغاچقا، ئۇ تې- خىمۇ كۆرەڭلەپ كېتىپتۇ. بەزىدە ئۇ ئۆزىنى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېي- تىۋاتقان بۇلبۇل، تورغايلارنىمۇ تىللاپ كېتىدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ قاناتلىرىنى يېيىپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى نامايان قىلىۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن ھۇزۇرلانغان بۇلبۇل ئۇنى مەدھىيىلەپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

گۈزەللىكىڭ بىلىنەر،
توز دېگەن شۇ ئىسمىڭدىن.
گۈل ئۈنۈپتۇ رەڭگارەڭ،
سېنىڭ ئاشۇ جىسمىڭدىن.
گۈلدىن گۈزەل پەيلىرىڭ،
بەكمۇ كۆركەم ھەم ھەيۋەت.
بەرگەن ساڭا گۈزەللىك،
سېخىي ئانا تەبىئەت.

بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ توز خۇشال بولماقتا يوق، بۇلبۇل- نى سەت سىلكىشلەپ ھاقارەتلەپتۇ:



— ھەي مەينەت چىراي شۇمتەك، ساڭا ئۇنىڭدىن باشقا ناخشا تېپىلمىدىمۇ، ماڭا گۈزەللىكنى تەبىئەت بېرىپتىكەنمۇ؟ تەبىئەت دېگەن نەرسىنى ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ كۆرۈپ باقمىغانمەن، مېنىڭ گۈزەللىكىم پەقەت ئۆزۈمگىلا تەۋە. ئۇ مەندە ئەزەلدىن بار، تەبىئەت بەرگەن دېگىنىڭ نېمىسى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ناخشىنى ھەرگىز ئېيتقۇچى بولما!

بۇلبۇل تۇزنىڭ بۇنداق قوپال گەپ قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىكەن، شۇڭا تۇزغا ئارتۇق گەپ قىلماي باشقا ياققا ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

بىر كۈنى تۇز گۈلزارلاردا ئۆزىنى نامايان قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى ماختاپ ناخشا ئېيتىپتۇ:

بىلىپ قويغىن مەن گۈزەل،
گۈلىستاندىن، بوستاندىن.
تاپالمايسەن مەندەكنى،
ئىزدەپمۇ يەر، ئاسماندىن...

شۇ چاغدا بىر سېغىزخان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بوپتۇ-دە، بىر باغاقنى تۇزغا بېرىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇچۇپ كېتىپتۇ. باغاقتا تۆۋەندىكى سۆزلەر يېزىلغانىكەن:



«ھۆرمەتلىك تۇز، ئەتە قۇشلار پادىشاھلىقىنىڭ شەرقىدىكى گۈلىستاندا قۇشلارنىڭ گۈزەل تاللاش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلمەكچى، سىزمۇ بۇ قېتىمقى گۈزەللىك تاللىشىش مۇسابىقىسىنىڭ ماھىرلىرىدىن بىرى بولۇپ قاتارغا كىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گۈزۈلدىڭىز. مۇسابىقىگە ۋاقتىدا قاتنىشىپ بەرگەيسىز.»

باغاقتىكى بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ توز خاپا بولۇپ ۋاتىلداپ كېتىپتۇ:

— گۈزەل قۇشلارنىڭ مۇسابىقىسى دېگەن قانداق گەپ بۇ، مەن قۇشلارنىڭ ئەڭ گۈزىلى تۇرسام، ئۇلار يەنە نېمە دەپ گۈزەل تاللايمىز دەپ يۈرۈيدىغاندۇ، بۇ ماڭا قىلغان ھاقارەت. مەن بىلەن گۈزەللىك تالىشىدىغان زادى قايسى ھاماقەتكەن ئۇ؟!

توز شۇنداق غوتۇلدىغان بولسىمۇ، ئەتتى كەلگەندە يەنە مۇسابىقىگە بېرىپتۇ. ئۇ ئادەتتىكى بىر ناھەق بولۇپ مۇسابىقىگە قاتناشقىنىدىن بەك نارازى بولسىمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىپ، كۆرەڭلىك بىلەن مۇسابىقىگە قاتنىشىپتۇ. ئۇ ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەدەپسىزلىك قىلغاچقا گۈزەللەرنى باھالاۋاتقان باھالىغۇچىلار ۋە تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەي قاپتۇ. شۇڭا ئۇ مۇسابىقىدىن كېيىن بۇ قېتىمقى باھالاشقا مەسئۇل بولغان تۆگىقۇشنىڭ يېنىغا كىرىپ ئەرز قىپتۇ:

— مەن بۇ قېتىمقى باھالاشتىن نارازى، بۈركۈت، بۇلبۇل دېگەنلەر نېمە دەپ مەندىن يۇقىرى نومۇر ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ زادى قەيېرى مەندىن گۈزەل ئىكەن؟ ئاشۇ مەينەت چىراي بۇلبۇل بىلەن ئىلمەك قۇيرۇق بۈركۈتنىڭ مەندىن يۇقىرى نومۇر ئېلىپ، مەندىنمۇ گۈزەل دەپ باھالانغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئۇغىسىنى قاينىتىدىغان ئىش.

ئېغىر بېسىق تۆگىقۇش توزنىڭ ئۆزىنى كۆرەڭلىك بىلەن ماختاپ كەتكەنلىكىگە قاراپ سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ:

— گەپ بولسا چىرايلىق قىلىڭ، ئۆزىڭىز ھەقىقىدىلا

سۆزلەڭ، باشقىلارنى كەمسىتىدىغان گەپنى قىلغۇچى بولماڭ. بۇ قېتىمقى باھالاش مېنىڭچە ئادىل بولدى. سىزمۇ ئۇچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتىڭىزغۇ، شۇنچە كۆپ قۇشنىڭ ئارىسىدا ئۇچىنچى بولماقمۇ ئاسانمۇ؟

—ياق، ياق، مېنىڭ ئۇچىنچى بولۇپ، بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى بولغانلىقى مەن ئۈچۈن ھاقارەت، ماڭا ئۇنداق مۇكاپاتنىڭ كېرىكى يوق.

—ئاق قۇ، قىرغاۋۇللار ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمۇ بىر ئېغىز گەپ قىلمىدىغۇ، سىز نېمانداق... —توزنىڭ ۋاتىلداپ كېتىشلىرىدىن بىزار بولغان تۆگىقۇش ئاچچىقىدا تۆتۆتلەپ كېتىپتۇ.

—ئاق قۇ، قىرغاۋۇللار نېمىتى؟ ئۆزلىرى سەت بولغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ-دە، — توز پەي، قاناتلىرىنى ھۇرپەيتىپ تۇرۇپ ۋارقىراپتۇ.

—سىزنىڭچە بۇ قۇشلار پادىشاھلىقىدا سىزدىن باشقا قۇشلارنىڭ ھەممىسى سەتكەن-دە، مەنمۇ ھازىر سىزنىڭ كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈۋاتقان ئوخشىمامدىمەن! — تۆگىقۇشمۇ كۈچەپ ۋارقىراپتۇ.

—سىزنىڭ بەتبەشىرە ئىكەنلىكىڭىز خەلق ئالەمگە ئايانغۇ، بۇنى تېخى ئۆزىڭىز ئۇقمايدىغان ئوخشىمامسىز، سىز تۆگىگە ياكى قۇشقا ئوخشىمايدىغان غەلىتە مەخلۇققۇ...

تۆگىقۇش غەزەپ بىلەن بىر نەرسە دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا بۈركۈت كىرىپ كەپتۇ-دە، ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

—مەن سىلەرنىڭ باياتىن بېرى دېيىشىۋاتقان گېپىڭلارنى ئاڭلىدىم، ئەگەر توزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك

مۇكاپاتنى ئالغۇسى بولسا مەن ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرەي، — بۈركۈتنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا بۇلبۇل پەيدا بولۇپ، ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەگەر توزنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتنى ئالغۇسى بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بېرەي، توز ھەقىقەتەن چىرايلىق، ئۇ شۇنچە چىرايلىق بولغاندىن كېيىن...

توز بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خىجىل بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاپتۇ. ئاچچىقى يېنىپ قالغان تۆگىقۇش سالماقلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ:

— ھەرقانداق قۇشنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى، ئۆزىگە خاس ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. سىزنىڭ پەي، قاناتلىرىڭىز ھەقىقەتەن چىرايلىق، بىراق بۈركۈت بىلەن بۇلبۇلدا بار بەزى گۈزەللىكلەر سىزدە يوق. بۈركۈت ئاسماندا بوران - چاپقۇنلاردىن قورقماي پەرۋاز قىلالايدۇ، كۆزى ئۆتكۈر، قۇيرۇقى مۇستەھكەم. بۇلبۇل گەرچە كىچىك بولسىمۇ ماھىر ناخشىچى، باشقىلار بىلەن ئىناق - ئىتتىپاق ئۆتۈشنى، ئۇلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ. باشقىلارغا يوغانچىلىق قىلمايدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىدۇ. ھازىر ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈۋاتىسىز، سىز شەخسىيەتچىلىك بىلەن شان - شەرەپ تالىشىۋاتىسىز، ئۇلار شان - شەرەپنى سىزگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتىدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىنلا سىز بۈگۈنكى باھالاشنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىۋالالايسىز.

توز تۆگىقۇشنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىپتۇ.

ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن توز ئۆزىدە كەمتەر، مۇلايىم ئادەتنى ئاستا - ئاستا يېتىلدۈرۈپتۇ.



# قىش ناخشىسى



قىش كەلدى، ھەممە يەر ئاپئاق قار بىلەن قاپلاندى. دەرەخلەر خۇددى ئاق يوپۇرماقلىق، ئاق چېچەكلىك دەرەخكە ئوخشاپ قالغانىدى. دەرەخلەردىن ساڭگىلاپ تۇرغان چوكا مۇزلار قۇياش نۇرىدا مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى.

باھار ۋە يازدا كۆك دالا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ گۈزەل دالا مانا ئەمدى ئاق دالاغا ئايلانغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەردە بۇلبۇل، كاككۇك، تورغاي، قارلىغاچ، تۇرنا، ئاق قۇلار تۈرلۈك ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى. ئۇلار جەنۇبقا كەتكەندىن كېيىن بۇ يەر تىنجىپ قالدى.



بىر كۈنى قاغا ئېگىز تېرەكنىڭ ئۇچىدىكى ئۇۋىسىدا يېتىۋېرىپ زېرىكتى، ئۇ ئۆزىچە ئويلاپ قالدى:

— ھەي، ئاشۇ كاككۇك، تۇرنا، ئاق قۇ دېگەنلەرنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ كېتىدىكەنمىز. ئۇلار باھار، يازدا بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەرگە كېلىپ قانغۇدەك ئويناپ، قىشنىڭ شەپىسىنى ئاڭلا ـ ئاڭلىماي پەي، قۇيرۇقلىرىنىڭ چۇشۇپ قالغىنىنى بىلەن كارى بولماي تىكىۋېتىدىكەن. بىز قىش ـ ياز مۇشۇ يەردە بولساقمۇ ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدىكەنمىز. ئۇلار بولمىسا بىز بۇ يەرنى جانلاندۇرالماسمىزمۇ؟ توختاپتۇر، مەن قىشتىمۇ ناخشا ئېيتالايدىغان دوستلارنى بىر يەغاي، ـــ قاغا شۇنداق ئويلاپ قىشتا جەنۇبقا كەتمەيدىغان دوستلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئاق دالانى جانلاندۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ، تۆۋەندىكى ناخشىسىنى ئېيتىپتۇ.

قاق، قاق، قاق،
ھەممە يەر ئاپئاق.
چىققىن تالاغا،
ياتماستىن ئۇنداق.
قاق، قاق، قاق،
توقۇيلى قوشاق.
جەم بوپ بىر يەرگە،
ئۆتەيلى ئىناق.
قاق، قاق، قاق،
يۇرتقا مەن ئامراق.
يۇرتنى قىش ۋە ياز،
سۆيەيلى ھەر ۋاق.



قاغىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ، ئۇۋىسىدا يېتىۋېرىپ زېرىككەن ئاق قۇشقاچمۇ يېتىپ كەپتۇ.

—ھەي قاغىجان، بۈگۈن ناخشا ئېيتىپ قاپسەنغۇ، قارىغاندا بەك زېرىكىپ كەتكەن ئوخشىمامسەن؟ — ئاق قۇشقاچ قاغا بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن سوراپتۇ.

—ھە ئاق قۇشقاچ، سەن زېرىكمىدىڭمۇ؟ ھەممىڭلار ئۆيۈڭلەرگە كىرىۋېلىپ چىقمايدىكەنسىلەر، قىشتىمۇ بىر يەرگە جەم بولۇپ ئوينىساق ياخشى ئەمەسمۇ، — قاغا ئاق قۇشقاچنىڭ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ سالماقلىق بىلەن شۇنداق دەپتۇ.

—مېنىڭمۇ دوستلار بىلەن بىر يەرگە جەم بولۇپ ئوينىغۇم بار، بىراق قىشتا ھېچكىم تالاغا چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ، يالغۇز ئويناشنىڭ مەززىسى يوقكەن، بىردەم ئويناپلا زېرىكىپ قالىدىكەنمەن.

—ئۇنداق بولسا ئىككىمىز بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپ دوستلارنى يىغايلى.

قاغا بىلەن ئاق قۇشقاچ بىرلىكتە ناخشا ئېيتىپتۇ:

دالىلارمۇ ئاپئاق،
دەرەخلەرمۇ ئاپئاق.
ئاپئاق ئاداش چاققان چىق،
مەن ساڭا بەك ئامراق.
قىر، دۆڭلەرمۇ ئاپئاق،
پەس، ئويلارمۇ ئاپئاق.
ئاپئاق ئاداش چاققان چىق،
بىز ئوينايلى خۇشۋاق.

قاغا بىلەن ئاق قۇشقاچنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغان

قىرغاۋۇل، توشقان، كەپتەر، كەكلىك، سېغىزخان، تورغايكە قاتارلىقلار بىردەمدىلا يىغىلىپتۇ. ئۇلارمۇ ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقماي بەك زې-رىكىپ كېتىكەنىكەن. قاغا ئۇلارنىڭ بۇنداق تېز يىغىلغانلىقىدىن نا-ھايىتى خۇشال بوپتۇ، شۇڭا ئۇ تەبەسسۇملا بۈگۈنكى يىغىننىڭ باشقۇر-غۇچىسى بولۇپ قاپتۇ.

—سۆيۈملۈك دوستلار، — دەپ سۆز باشلاپتۇ قاغا، —بۇ يەرگە يىغىلغان دوستلار يۇرتىمىزنىڭ ھەممە پەسلىنى ياخشى كۆرىمىز. بىز ئاق قۇ، تۇرنا، قارلىغاچلارغا ئوخشاشلا باھاردا يەرنى بۇ يەردە ئۆت-كۈزۈپ، كۈز كېلىشى بىلەنلا يىراققا قاچمايمىز. شۇڭا بۇ يەردە ئالدى بىلەن بىز ئەتىۋارلىنىشىمىز كېرەك. ئۇلار بولمىسىمۇ بىز بۇ يەرنى قاينام-تاشقىنلىققا شادلىققا چۆمدۈرەلەيمىز. بۈگۈن بۇ يەرگە يې-غىلىشتىكى مەقسەت ئاپئاق قاردىن زوقلىنىپ ھەممىمىز ئۆزىمىز-نىڭ ناخشىسىنى ئېيتىمىز. بۈگۈنكى ئويۇنىمىزنىڭ ئىسمى «قىش ناخشىسى»، شۇڭا ھەممىمىز بىردىن ناخشا ئېيتىپ بېرەيلى. ناخشىمىزدا قىشنى مەدھىيىلەيلى ۋە كۈيلەيلى، ھەممە ھازىر ئويۇنىمىز رەسمىي باشلاندى، قېنى ئالدى بىلەن كىم ناخشا ئېيتىدۇ؟

قاغىنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا قىرغاۋۇل مەيدانغا چۈشۈپتۇ. ئۇ قاغىنىڭ گېپىنى قوللاپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ كەتكەندىن كېيىن ناخشىسىنى باشلاپتۇ:

ئاق قۇ، تۇرنا، بۇلبۇللار،
زىمىستاننى كۆرمەيدۇ.
كۆرمىگەچكە قار-مۇزنى،
گۈل قەدرىنى بىلمەيدۇ.

كۆكدالانىڭ قىشىمۇ،
خۇددى يازدەك چىرايلىق.
باھار كەلسە باھارنى،
كۈيلەشكە بىز ئەڭ لايىق.

قىرغاۋۇلنىڭ ناخشىسى بۇ يەردىكىلەرنى بەك خوش قىلىۋېتىپتۇ. قىرغاۋۇلنىڭ كەينىدىنلا كەكلىك، سېغىزخان، توشقان، ئاق قۇشقاچلار ناخشا ئېيتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئېيىقچاق ئۆڭكۈردىن چىقىپلا ناخشا ئېيتىپتۇ:

سىلەرنىڭ شوخ ناخشاڭلار،
بۈگۈن مېنى ئويغاتتى.
ئەمدى مېنى دېمەڭلار،
قىشتا ئۆڭكۈردە ياتتى.
ئۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە،
ئەمدى مەنمۇ ياتمايمەن.
سۈتتەك ئاپئاق دالادا،
خۇشال - خۇرام ئوينايمەن.

بۇ يەردىكىلەر ئېيىقنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ناخشىسى بىلەن بۈگۈنكى سورۇننى جانلاندۇرغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئاپتۇ. ئۇلار ئېيىقنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن ئويغىنىپ ناخشا ئېيتقانلىقىدىن بەك سۆيۈنۈپتۇ، شۇڭا ئۇنى قىزغىن تەبرىكلەپتۇ.

ئۇلار ئويۇننىڭ ئاخىرىنى تۆۋەندىكى ئومۇمىي خور بىلەن تۈگىتىپتۇ:

ئاقارغان بۇ دالادا،
باردۇر گۈلدەك ئىزىمىز.
بىز بۇ يەردە قىشتىمۇ،
خۇشال - خۇرام كۈلىمىز.
ئاق دالادا ئوينايلى،
ناخشا ئېيتىپ يايرايلى.
قىشمۇ گۈزەل باھاردەك،
ئۇنى كۈيلەپ ھارمايلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار كۆك دالادىكى ئاپئاق قار ئۈستىدە جەم بولۇپ «مۆكۈمۆكىلەك»، «قوغلاشماق» ئويۇنلىرىنى ئوينايدىغان بوپتۇ. ئۇلارنىڭ قىش ھەققىدىكى تۈگىمەس ناخشىلىرى ئانا تەبىئەتنى تەسىرلەندۈرۈپتۇ.





策　　划：阿丽雅·阿布都克里木
责任编辑：阿丽雅·阿布都克里木
木叶沙尔·赛买提
责任校对：阿达来提·亚合甫
封面设计：阿布都热依木·吐尔逊
电脑制作：古尔克孜·吾买尔江

# 维吾尔族童话（3）

艾合买提江·库尔班·萨比热　著

* * *
新疆大学出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路14号　邮政编码：830046）
新疆新华书店发行
新疆江疆通商贸有限公司
850×1168mm　32开本　18.75印张
2005年7月第1版　2013年7月第2次印刷
* * *
ISBN 7 — 5631 — 1969 — 8
总定价(1—5册)：55.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پىلانلىغۇچى: ئالىيە ئابدۇكېرىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئالىيە ئابدۇكېرىم
مۇيەسسەر سەمەت

مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئابدۇرېھىم تۇرسۇن

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: گۆھەرقىز ئۆمەرجان





www.uyghurkitap.com



## ئەخمەتجان قۇربان سابىرنىڭ باللار ئۈچۈن نەشر قىلدۇرغان كىتابلىرى

1. كالتە قۇيرۇق چاشقان
2. باللار يۇمۇرلىرى
3. باللار چاقچاقلىرى
4. تونۇر بېشىدىكى چۆچەكلەر (3 قىسىم)
5. ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە رەسىملىك باللار تېپىشماقلىرى (5 قىسىم)
6. ئۇيغۇرچە-خەنزۇچە قىزىقارلىق سوئال - جاۋابلار (10 قىسىم)
7. ئۇيغۇر باللار تېپىشماقلىرى (6 قىسىم)
8. ئۇيغۇر باللار چۆچەكلىرى (5 قىسىم)

# ئۇيغۇر بالىلار چۆچەكلىرى (1-5)



ISBN 7-5631-1969-8

9 787563 119691 >

ISBN7 - 5631 -1969 - 8
总定价(1–5 册):55.00 元